شەمسۇلمائالى قابۇس

# قابۇسنامە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

شەمسۇلمائالى قابۇس

# قابۇسنامە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇرىشىت ئىسلامى**

مەسئۇل مۇھەررىر: **ئابدۇقادىر ھېيت**
**توختى ئابىخان**

# قابۇسنامە

## شەمسۇلمائالى قابۇس

*

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168 مىللىمېتر 32 كەسلەم
باسما تاۋاق 4.625 قىستۇرما ۋاراق 1
1982 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى،
1983 - يىل 9 - ئاي 2 - بېسىلىشى
سانى: 75.000 — 40.001
كىتاب نومۇرى: 7264.1
باھاسى: 0.43 يۈەن

# مۇندەرىجە

شەمسۇلمائالى ئەبۇلھەسەن ۋەشمىگىر قابۇس ۋە ئۇنىڭ دىداكتىك ئەسىرى «قابۇسنامە» ھەققىدە
ئابدۇرەشىت ئىسلامى ........................................ 1
بىرىنچى باپ. ئاتا ـ ئانا ھەققىنى تونۇش ۋە ئورنىغا كەلتۈرۈش ھەققىدە ........................................ 1
ئىككىنچى باپ. ھۈنەر ـ سانائەتنىڭ نەسەپتىن ياخشىلىقى ھەققىدە ........................................ 3
ئۈچىنچى باپ. سوزلەشنىڭ شەرتلىرى ۋە ئەدەپلىرى ھەققىدە ........................................ 18
تۆتىنچى باپ. نۇشىرۋاننىڭ ۋەسىيەت — نەسىھەتلىرى ھەققىدە ........................................ 28
بەشىنچى باپ. يىگىتلىك ۋە قېرىلىق ھاللىرى ھەققىدە...... 31
ئالتىنچى باپ. يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپلىرى ھەققىدە......... 36
يەتتىنچى باپ. شاراب ئىچىش تەرتىۋى ھەققىدە ............ 38
سەككىزىنچى باپ. مۇساپىر ۋە مېھمانلارغا ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە ........................................ 41
توققۇزىنچى باپ. چاخچاقلىشىش ۋە شاخمات ـ داسكا ئوينىش ھەققىدە ........................................ 45
ئونىنچى باپ ئىشق ۋە ئاشىقلىق ھەققىدە ................. 47
ئون بىرىنچى باپ. جىما ھەققىدە ........................... 51
ئون ئىككىنچى باپ. مۇنچىغا كىرىش تەرتىۋى ھەققىدە...... 52
ئون ئۈچىنچى باپ. ئۇخلاشنىڭ پايدا ـ زىيىنى ھەققىدە...... 54
ئون تۆتىنچى باپ. مال ـ مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىش ھەققىدە ........................................ 58

ئون بەشىنچى باپ. ئامانەت ساقلاش ھەققىدە .............. 63
ئون ئالتىنچى باپ. ئوي - جاي ۋە باغچا سېتىۋېلىش
ھەققىدە ................................................ 65
ئون يەتتىنچى باپ. خوتۇن ئېلىش ھەققىدە .............. 68
ئون سەككىزىنچى باپ. پەرزەنت تەربىيلەش ھەققىدە...... 75
ئون توققۇزىنچى باپ. دوستلۇق ھەققىدە ..................... 75
يىگىرمىنچى باپ. دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش ھەققىدە...... 79
يىگىرمە بىرىنچى باپ. ئەپۇ قىلىش ۋە جازالاش
ھەققىدە ................................................ 88
يىگىرمە ئىككىنچى باپ. ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش
ھەققىدە ................................................ 91
يىگىرمە ئۈچىنچى باپ. تىجارەت قىلىش ھەققىدە ......... 99
يىگىرمە تۆتىنچى باپ. تىببى ئىلىم ھەققىدە ................ 107
يىگىرمە بەشىنچى باپ. ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە ئىلـ
مى) ھەققىدە ........................................... 114
يىگىرمە ئالتىنچى باپ. شېئىر ۋە شائىرلىق ھەققىدە ......... 115
يىگىرمە يەتتىنچى باپ. مۇزىكىچى ۋە غەزەلخانلارنىڭ قا-
ئىدىلىرى ھەققىدە ...................................... 119
يىگىرمە سەككىزىنچى باپ. دېخانچىلىق ھەققىدە ........... 123
يىگىرمە توققۇزىنچى باپ. جاۋانمەرتلىك ھەققىدە ......... 126

# شەمسۇلمائالى ئەبۇلھەسەن ۋەشمىگىر قابۇس ۋە ئۇنىڭ دىداكتىك ئەسىرى «قابۇسنامە» ھەققىدە

شەمسۇلمائالى ئەبۇلھەسەن ۋەشمىگىر **قابۇس** — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گۇرگان (جۇرجان)، رەي، تەبەرىستان تەرەپلىرىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ۋەشمىگىر خاندانىغا مەنسۇپ بولغان ۋە بۇخارانى پايتەخت قىلغان سامانىلار خاندانىغا ئالاقىدار بىر زات بولۇپ، مىلادى 11 - ئەسىردە ياشىغان ئىدى. ئۇ، زامانداشلىرىغا نىسبەتەن ئوقۇمۇشلۇق (ئالىم، پەيلاسوپ، شائىر، ئەدىپ، مۇتەپەككۇر، خەتتات، سېخى، ئەلەم بىلەن قەلەمنى بىرلەشتۈرگەن) ئۆز دەۋرىدە تەڭداشسىز — ئالاھىدە بىر كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالىملىقى، يۇكسەك ماھارىتى بىلەن ئەل - يۇرتقا زور خىزمەت قىلىۋاتقاندا ھەسەتخور، ئاچكوز، مەنسەپپەرەس، ھىلىگەر زالىملار تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان پىتنە - ئىغۋا، سۇيىقەستلەر تۈپەيلىدىن جۇرجاندىن خۇراسانغا كېلىپ 18 يىل تۇرۇپ قالدى①. خۇراساندا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قىلىشى ۋە چەككەن جاپا - مۇشەققەت، روھى ئازاپلىرى ئۇنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن كۆزلىگەن ئۈمىدلىرىنى، ئالى غايە ۋە غەيرىتىنى سۇندۇرالمىدى. ئۇ يەنىلا خورلۇق، جاپالىق كۈنلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى ۋە غەلىبىلىك خوشال كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ئىشەنچلىك كۈتەتتى.

شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر **قابۇس** خۇراساندا **تۇرغان** چاغلىرىدا، خۇراساننىڭ چوڭ - كىچىك بارلىق كىشىلىرى ئۇنىڭ

① رەۋزە توسساپا 4 - جىلد، سامانىلار تارىخىدىن.

ماددى - مەنىۋى خەيرىخاھلىقىدىن بەھرىمەن بولۇپ، تەشەككۈر بىلدۈرەتتى، سامانى دۆلىتىنىڭ ئەرباپلىرى ئۇنى جۇرجانغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىدە ئولتۇرغۇزماقچى بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن بەزى قالايمىقانچىلىق ۋە خوشنا دۆلەتلەردىكى ئىختىلاپ - زىددىيەت، جېدەل - ماجىرالار تۈپەيلىدىن ۋاقىت كېچىككەن ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىدى. بۇ جەرياندا شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس گوياكى ئىگىز چوققىلىق تاغدەك مۇستەھكەم تۇرۇپ، دۈچكەلگەن رىقابەت، خورلۇق ۋە قارشىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، چىدامىلىق كۆرسىتىپ، سۇباتلىق بىلەن تۇراتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئەقلى، تالانتى، ئىلمى ئىقتىدارى ۋە خەلقنىڭ ھىمايە قىلىپ قوللىشىغا تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئۆز مەملىكىتى، جۇرجانغا قايتىپ بېرىپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى.

شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس ئۆز زامانداشلىرى، خوشنا مەملىكەت پادىشالىرى ئارىسىدا دانا، ئالىملىقى، سېخى، خەلقپەرۋەرلىكى ۋە ھەربى ئىشلاردىكى ئىختىساسى بىلەن ئىمتىيازلىق ئىدى. ئۇ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپلا قالماستىن، تۈرلۈك ئىلىملەر بويىچە بىرقانچە پارچە ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ناتىقلىق، نوگىكا ھەققىدە يازغان «كامالۇلبەلاغەت» (ناتىقلىق ۋە لوگىكا پېننىڭ كامالىتى) ناملىق ئەسىرى مەشھۇردۇر.

ئۇ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە كۆرگەن سۆيۈملۈك يالغۇز ئوغلى گىلانشانى تەربىيىلەش شەكلى بىلەن پۈتۈن ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە بۇ دىداكتىك (ئىجتىمائى ئەخلاق، ئىلىم - مەرىپەت، نەسىھەتلىك) ئەسىرىنى پارس تىلىدا يېزىپ چىقتى. يەنە ئۇ يۈكسەك ماھارەتلىك خەتتات ئىدى. ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن يازغان ئەسىرى ياكى بىرەر مەكتۇبى بىر مەملىكەتكە يېتىپ بارسا، ئۇنى كۆرگەنلەر ئەجەبلىنىپ: "بۇ خەت قابۇسنىڭ خېتىمۇ ياكى تۇزنىڭ گۈللەپ تۇرغان پەرلىرىمۇ؟" دېيىشەتتى.

# ئاپتورنىڭ بۇ كىتاپنى يېزىش سەۋەبى

شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس ئۆز دۆلىتىگە كۆپ يىللار يېتەكچىلىك قىلدى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى، لېكىن ئۇنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى، قېرىغان چاغلىرىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئوغلىنىڭ ئېتىنى گىلانشا قويدى. بۇ ئوغۇل ئەقىللىق ۋە پەھىم - پاراسەتلىك، ھوشيار ئىدى. بىر كۈنى شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس ئوغلىنىڭ يۈزىگە قاراپ پاراسەت نۇرى بىلەن دىققەت قىلدى، گەرچە بۇ ئوغۇلدا ئەقىل - پاراسەت ۋە كامالەت ئەسەرلىرى بولسىمۇ، ياشلىق - يىگىتلىك غۇرۇرى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى سەزدى - دە، ئۇنى قانداق تەربىيىلەش كېرەكلىكى ئۈستىدە كۆپ ئويلىدى. ئويلا - ئويلا ئاخىر ئوغلىنى ئۆزى تەربىيىلىگەندە ياخشى بولىدىغانلىقىنى قارارلاشتۇردى، ئەمما ئۇنىڭغا ئۆز ئۆمرىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى چاغلىدى. چۈنكى، ئاقىل - دانا كىشىلەر ھەرقاچان ئۆلۈمنى ئۆزىگە ھەمرا بىلىدۇ. ئەگەر ئوغلىنى تەربىيىلىمەي ئۆز ھالىغا تاشلىۋەتسە، ئۆز ۋۇجۇت گەۋھىرىنى يەرگە تاشلىۋەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گىلانشانى مەسئۇل بولۇپ تەربىيىلەش زۆرۈر دەپ تونۇپ، بىر ئۇستاز بەلگىلەشنى مۇۋاپىق كۆردى، لېكىن قايتا ئويلاپ، ئوغلىنى ئۆزى تەربىيىلەشنىڭ ھەممىدىن مۇھىملىقىنى، شۇنىڭدەك پۈتۈن جەمئىيەتنى ۋە ياش ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، «قابۇسنامە» دېگەن كىتاپنى يېزىپ چىقتى.

شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس ئوغلى گىلانشانى ئالدىغا چاقىرىپ، ۋەسىيەت ۋە نەسىھەتنى مۇنداق تاماملىغان: ”ئەي ئوغلۇم، مەن قېرىدىم، ئاجىزلىدىم، تىرىكلىكىمدىن ئايرىلىش ۋە

ھايات دەپتىرىدىن ئىسمىمنى ئۆچۈرۈشنىڭ خەۋىرى كەلدى، سەپەرنامە قولۇمغا تاپشۇرۇلدى. ماڭا بېرىلگەن بۇ سەپەرنامە — ساقلىمنىڭ ئاقىرىشىدۇر: ساقالىمنىڭ ئاقىرىشى "ئەي بەندە، ئاگاھ بول! بۇ دۇنيادىن قايتىشقا تەييارلىق قىل" دېگەن خىتابتىن ئىبارەت. ئەمدى، ئەي ئوغلۇم بىلگىنكى، مەغرۇرلۇق (بىپەرۋالىق، ئاقىۋەتنى ئويلىماسلىق) ناھايىتى يامان. مەن ئۆزەمنى ئەنە شۇنداق غاپىل - بىپەرۋالىق بىلەن ئۆمرىنى زايا قىلغانلار قاتارىدا كوردۇم. بۇ دۇنيادىن كېتىشىمدىن ئىلگىرى ساڭا بىرمۇنچە نەسىھەت قىلاي، نەسىھەتلىرىمگە ئەمەل قىلساڭ، ئۆمرۈڭدە بارلىق ئىشلىرىڭدا ياخشىلىققا ئېرىشىپ، ئازاپ چەكمەيسەن، ئاتىسىنىڭ بالىغا كۆرسەتىدىغان مېھىر - شەپقىتى شۇكى، بالىنى توغرا يولغا سېلىپ، يامان يولدىن ساقلاپ، زامانىنىڭ قولىدىن كۆلپەت، ئازاپ - ئوقۇبەتلەرگە، خەلقنىڭ قارغىش - نەپرەتلىرىگە دۇچار بولۇش، خار - زەبۇن ئۆتۈشتىن ساقلاپ قېلىشتۇر. نەسىھەتلىرىمنى قەلبىڭنىڭ قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، ئەمەل قىلغىن. ئەگەر سەن ياشلىق غۇرۇرى بىلەن بۇ نەسىھەتلىرىمنى ئاڭلىساڭ ۋە قوبۇل قىلساڭ، مەن ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئۆتىگەن ۋە مېھىر - شەپقىتىمنى يەتكۈزگەن بولىمەن. سەن ئاڭلىمىساڭ ۋە قوبۇل قىلمىساڭ، ئەقىل - ھوشى بار ئەۋلاتلار ئاڭلاپ قوبۇل قىلىپ، دۇنيادا ئۆزىنى خار - زارلىق، ھالاكەتتىن قۇتقۇزىدۇ. نادان - ئەقىلسىز پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمايدۇ، قوبۇل قىلمايدۇ. تېخى ئۆزلىرىچە "بىزنىڭ بىلگەنلىرىمىزنى قېرى ئاتا - ئانىلىرىمىز بىلمەيدۇ" دېيىشىدۇ. مۇنداق قاراشتا بولغان پەرزەنتلەر غايەت ئەقىلسىز نادانلاردۇر.

ئەي ئوغلۇم، مەن سېنى تەربىيىلەشكە ئۆمرۈمنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى كۆرمەكتىمەن. ئاتا ۋە ئۇستاز بولۇپ سېنى تەربىيىلەش ئۈچۈن بۇ كىتابنى يېزىپ ساڭا يادىكار قىلدىم، قىسقا ۋە پايدىلىق قىلدىم. چۈنكى ھەرنەرسىنىڭ قىسقا، پايدىلىق بولغىنى — ئۇزۇن، پايدىسىز بولغىنىدىن ياخشى.

ئەي ئوغلۇم، بۇ جاھان زىرائەت مەيدانى. يەرگە نىمە تېرىساڭ، شۇنىڭ مەھسۇلاتىنى يىغىۋالىسەن، دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلساڭ، ئاقىۋەتتە ياخشى نەتىجىگە ئىگە بولىسەن، يامان ئىشلارنى قىلساڭ، يامان نەتىجە ئازاۋىغا دۇچار بولىسەن.

ئەي ئوغلۇم، ئەقىللىق بولغىن، ياخشى ئىشلارنى قىلغىن. دۇنيا خەلقىنىڭ بىر ئادىتى بار: قەدرۇ - قىممەتلىك نەرسىلىرى بولسا، ئۇنى قەدىرلىك كىشىسىگە بېرىدۇ. مېنىڭ دۇنيادا غايەت قەدىرلىك نەرسەم — بۇ نەسىھەتلىرىمدۇر. ئەڭ قەدىرلىك ئادىمىم — سەندۇرسەن. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا بۇ قىممەتلىك نەسىھەتىمنى قەدىرلىك پەرزەنتىم ساڭا بەردىم. ئىنساندىكى ئەقىل ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى تەبىي ئەقىل. مۇنداق ئەقىل ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرگە نېسىپ بولىدۇ. يەنە بىرى كەسپىي ئەقىل، بۇ — ئوقۇش، ئۆگىنىش يولى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر تەبىي ئەقىل ساڭا نېسىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا مەرىپەت يولى بىلەن ھاسىل بولغان ئەقىل قوشۇلسا، سەن ئۈچۈن نىمە دېگەن بەخت - سائادەت - ھە؟ بۇ ئىككى كامالەت ساڭا يار بولسا، زامانىڭدە مىسلىسىز - تەڭداشسىز ئادەم بولىسەن، مۇبادا ساڭا تەبىي ئەقىل نېسىپ بولمىسا، كەسپىي مەرىپەت ئەقلىنى، ئىلىم-بىلىم، ھۈنەر ھاسىل قىلىشقا ئىجتىھات قىل، ئىلىم - پەن، ھۈنەر - سانائەت ئۆگىنىشكە تىرىشقىن. ئىلىم - پەن، ھۈنەر ئۆگىنىشكە تىرىشمىساڭ، ھەر ئىككى كامالەتتىن مەھرۇم قالىسەن. مەن ئۆمرۈمدە نېمىنى ئادەت قىلغان بولسام ۋە نىمىنى بىلگەن بولسام ساڭا ئېيتتىم (بۇ كىتاپتا بايان قىلدىم). مىلادى 1080 - يىلى (ھىجرىيە 473 - يىلى) بۇ كىتاپنى يېزىپ پۈتتۈردۇم. ئىنسانىيەت ھاياتىدا — تۇرمۇشىدا ۋە ئاخىرەت كۈنىدە ھەر بىر ئادەمگە زۆرۈر بولغان ئىجتىمائى، ئەخلاقىي، ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەرنى بايان قىلدىم».

شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس بۇ ئەسىرىدە ئىجتىمائىي،
ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىنىمى، ھاياتىي تەجرىبىلىرىگە ئاساس-
لىنىپ باپلار بويىچە بايان قىلىش بىلەن ياش ئەۋلاتلارنىڭ
ئاتا - ئانا ھەققىنى تونۇش، ئاتا - ئانا ۋە قېرى كىشىلەرنى
ھۆرمەت قىلىش لازىملىقى؛ تۇرمۇشتا خورلانماسلىق، ھالال
تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن كەسىپ، ھۈنەر ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈر-
لۈكى؛ كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، رايە قىلىشقا تېگىشلىك
ئەدەپ - قائىدىلەر؛ يىگىتلىك، قېرىلىق چاغلىرى؛ ياشلىقنى بى-
ھۇدە ئۆتكۈزمەسلىك؛ يېمەك - ئىچمەكتە ھىپزى - سىھھەتىنى
ساقلاشتىكى مۇھىم قائىدىلەر؛ ھاراق - شاراپ ئىچمەسلىك ۋە
ئۇنىڭ ئادەم ئەزالىرىغا زىيانلىق ئىكەنلىكى؛ مۇساپىرلار، مېھ-
مانلارغا ھۆرمەت قىلىش لازىملىقى؛ مۇئامىلە، يۈرۈش - تۇرۇش
ئۆچرىشىشلاردا كىشىلەر بىلەن ئويۇن - چاخچاق قىلىشنىڭ ئاقى-
ۋىتى نېمە بولىدىغانلىقى؛ نىكاھلىنىش (خوتۇن ئېلىش، ئائىلە
بەرپا قىلىش)، ئەر - ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت مەسىلىرى-
دە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار؛ جىما (جىنسىي مۇناسى-
ۋەت) نىڭ پايدا - زىيانلىق ھالەتلىرى؛ ھاممام (مۇنچا) غا
چۈشۈش تەرتىپلىرى؛ ئۇخلاشنىڭ پايدىلىق - زىيانلىق ھالەتلى-
رى؛ مال - مۈلۈك ھاسىل قىلىش يوللىرى؛ ئىقتىساتچىللىقنىڭ
ياخشىلىقى، بېخىللىقنىڭ يامانلىقى، ئامانەتكە خىيانەت قىل-
ماسلىق، ئۆي - جاي، باغ - ۋاران سېتىۋېلىشنىڭ قائىدىلىرى؛
ئۆيلىنىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار؛ پەرزەنت. ئەۋلاتلارنى
تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى؛ دوستلۇقنىڭ شەرتلىرى، دۈشمەندىن
ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى؛ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرگە قانداق مۇئا-
مىلە قىلىش لازىملىقى، ئەپۇ قىلىش (كەچۈرۈش) نىڭ پەزىلى-
تى، ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەشنىڭ پەزىلىتى؛ سودا - تىجارەت
قىلىشتا بىلىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر، تىببى ئىلمىنىڭ ئەھمىيىتى
ۋە تېبىپ - دوختۇرنىڭ كېسەلگە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى
لازىملىقى، تېبىپلەرنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى؛ ئاسترونومىيە

ئىلمى؛ شېئىر ۋە شائىرلىقنىڭ ئۇسلۇبى، مۇزىكا ئىلمى، مۇزىكانتلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەپ، خۇسۇسىيەتلەر؛ پادىشالارنىڭ خۇسۇسىيىتى، ۋەزىرلىك قائىدىلىرى، ھەربىي سەركەردىلىك، دېخانچىلىق سانائىتى، سېخىلىقنىڭ پەزىلىتى ۋە بېخىللىق - خەسىسلىكنىڭ يامانلىغى، ئىسراپخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى - ھاراملىغى قاتارلىق مەسىلىلەرنى باپلار بويىچە جانلىق مىساللار بىلەن بايان قىلىدۇ.

كىتاپخانلارنىڭ دىققىتىگە شۇنى ئىلتىماس قىلىمىزكى، ئۇلۇغ ئالىم، پەيلاسوپ، ئەدىب شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس بۇ ئەسىردە "ئەي ئوغۇل" دېگەن خىتاپ بىلەن سوزلەيدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئۇسلۇپتا مەرىپەت - نەسىھەت سوزلىشى بىرتەرەپتىن بىۋاستە ھالدا ئوغلى گىلانشانى كوز ئالدىدا تۇتقان بولسا، ئومۇمىي ھالدا پۈتۈن جەمىيەت ئەۋلاتلىرىنى خۇددى ئوزىنىڭ پەرزەنتى ئورنىدا كورۇپ، مېھرى - شەپقەت، كويۇمچانلىق بىلەن "ئەي ئوغۇل" دەپ سوز باشلايدۇ.

بۇ ئۇسلۇبنىڭ ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەشتە قەھرى - غەزەپ بىلەن خىتاپ قىلىشتىن تەسىرى چوڭقۇر، نەتىجىلىك ياخشى ئۇسلۇپتۇر. چۈنكى، "ئىنسان — ئېھسانىنىڭ قۇلى" دېگەن مەسەل بار. ياخشى سوز ۋە ياخشى نىيەتلىك نەسىھەت ھامان كىشىلەرگە ئوبدان تەسىر كورسىتىدۇ. يامان سوز، قەھرى - غەزەپ ياش ئەۋلاتلارنى بۇزىدۇ. گەپ ئۇتمەيدىغان بەگىۋاش قىلىپ، ھاياسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر شەمسۇلمائالىنىڭ ۋاپاتىغا ھازىر 9 ئەسىر ئوتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ نەسىھەتنامە ئىلمى ئەسىرى جەمىيەتنى ۋە ياش ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەشتە يەنىلا قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر.

«قابۇسنامە» — 18 - ئەسىرلەردە مەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، پارس تىلىدىكى ئەسلى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرغاندا نۇرغۇن سوز - ئاتالغۇلار ۋە

ئادەتتىكى ئىبارىلەرمۇ خاتا تەرجىمە قىلىنغانلىقى، مۇھىم ئورۇنلىرى چۈشۈرۈپ قويۇلغانلىقى — تاشلاپ كېتىلگەنلىكى بىلىندى. شۇڭا بۇ مۇۋەت پارس تىلىدىكى نۇسخىسىدىن بىۋاستە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئاپتور تەرىپىدىن مىسال كەلتۈرۈلگەن قەدىمقى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇشدىن ئېلىنغان ھىكايىلار قىسقارتىلدى، شۇنىڭدەك «پادىشالىق" "ۋەزىرلىك"، "ھەربىي ئىشلار — لەشكىرىي سەركەردىلىك" ھەققىدىكى باپلىرى قالدۇرۇلدى.

جەمىيەتكە ۋە ياش ئەۋلاتلارغا تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولاردىغان مەقسەتتە بۇ مەرىپەتلىك نەسىھەتنامە — كىلاسسىك ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدىم. سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەپلىك ھەر خىل سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا كەڭ كىتابخانلارنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىت قىلىمەن.

**ئابدۇرىشىت ئىسلامىي**

# بىرىنچى باپ. ئاتا - ئانا ھەققىنى تونۇش ۋە ئورنىغا كەلتۈرۈش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ كېرەككى، تەڭرى بۇ جاھاننى ئاۋات قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى كۆپەيتىش ۋە بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق قىلىش ئۈچۈن، شەھۋەت (ئىسپىرما) نى ياراتتى. ئاتا - ئانىلارنى پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەپ قىلدى.

ئەي ئوغۇل، ئاتا - ئانىنىڭ ھەققى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلىغايسەن، ئۆز ئەسلى - زاتىڭنى ئۇلۇغلىغايسەن. ئاتا - ئاناڭنى ھۆرمەت قىلساڭ، ئۆز ئەسلىڭنى ھۆرمەت قىلغان بولىسەن. ئاتا - ئانامنىڭ مەندە نېمە ھەققى بار دېمە، چۈنكى ئاتا - ئاناڭ سېنى دۇنياغا كەلتۈردى. ئاتا - ئاناڭ بولمىسا، سەن دۇنياغا كەلمەس ئىدىڭ. ئاتا - ئاناڭ ۋۇجۇدىدىن سېنى تۇغۇپ، چەكسىز جەۋرى - جاپالار بىلەن ئاسراپ، تەربىيىلەپ، ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سېنى ئۇستۇرۇپ ئادەم قىلىپ، كىشىلىك قاتارىغا قوشتى. ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى شۇنداق يېتىشتۈرمىسە، سەن نەدىن كەلگەن بولاتتىڭ ۋە قانداق بولۇپ بۇ يىگىتلىك — ياشلىق ھالىتىگە يېتەتتىڭ؟

ئەمدى ساڭا زورۇرى، ئاتا - ئاناڭنى ئۆز جېنىڭنى قانداق سۆيسەڭ شۇنداق سۆيۈپ قەدىرلىگەيسەن، ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلىمىگەن — قەدرىنى بىلمىگەن پەرزەنت تەڭرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەپ بولغۇچى نەرسىنى بىلمىگەن بولىدۇ.

ئاتا - ئانىغا بوي سۇنماق پەرزدۇر. ئاللاتائالا: "تەڭرىگە ۋە تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئۆزەڭلاردىن بولغان پەرمان ئىگىسىگە بوي سۇنۇڭلار" دەيدۇ. خۇدانىڭ بۇ ئەمرىدىكى "پەرمان ئىگىسى" ئاتا - ئانىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاتائالا يەنە ئاتا - ئانىنى خور-

لىماسلىقنى، ئۇلارغا گۈزەل، ياخشى، يۇمشاق سوزلەشنى بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانا ھەققىنى دىن يۈزىسىدىن كورمىسەڭمۇ ئەقىل يۈزىسىدىن ئويلاپ كور، ئاتا-ئاناڭ سىنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭگە ۋە ئوسۇپ يېتىلىشىڭگە، تەربىيىلىنىشىڭگە سەۋەپچى بولغان تۇرسا، سەن ئۇلارنى ھورمەتلەپ، خىزمىتىنى ياخشى قىلمىساڭ، ياخشى پەرزەنت ۋە ياخشى ئادەم بولمىغان بولىسەن. ھەرقانداق ئادەم ئاتا-ئانىسى ھەققىنى ئادا قىلمىسا، باشقا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئەسلا ئادا قىلالمايدۇ. مۇنداق ئادەم ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان يامان ئادەم ھىساپلىنىدۇ. يامان ئادەمگە باشقىلارنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمۇ دۇرۇس ئەمەس.

سەن ئەگەر پەرزەنتىڭدىن ھورمەت ئۈمىت قىلساڭ، ئالدى بىلەن ئوزەڭ ئاتا-ئاناڭغا ھورمەت قىلىشىڭ لازىم. بالىلىرىڭ ئاتا-ئاناڭغا قىلغان ھورمەت ۋە خىزمىتىڭنى كورۇپ، ساڭا ئىززەت-ئىكرام ۋە ياخشى خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى، بالا ئاتا-ئانىنىڭ قىلمىشىنى كورۇپ ئۈگىنىدۇ. سەن بىر مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشايسەن، بالىلىرىڭ شۇ مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسى. ئاتا-ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قانچىلىك ياخشى قىلساڭ، شۇنچىلىك رازىلىغىنى — دۇئاسىنى ئالىسەن. ئاتا-ئانىنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەتتۇر. ئاتا-ئاناڭ سەندىن رازى بولسا، تەڭرىمۇ سەندىن رازى بولىدۇ. ئەي ئوغۇل: "ئاتا-ئانام ئولسە ئۇلاردىن ماڭا مال-مۈلۈك، پۇل مىراس قالاتتى" دىمە، ھەتتا بۇنداق يامان خىيالنى كوڭلۈڭگىمۇ كەلتۈرمە. ئاتا-ئاناڭ ئولۈشتىن بۇرۇن سەن ئولسەڭ قانداق قىلىسەن؟

ئەي ئوغۇل، ئوزەڭنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىگە سېلىشتۇرۇپ قايغۇرما، ھەرقاچان ئوزەڭدىن تۆۋەن مەرتىۋە، تۆۋەن تۇرمۇشتىكىلەرگە قاراپ ئوز تۇرمۇشۇڭغا شۈكرى قىل. ئەگەر سەن يوقسۇل ئىكەنسەن، ئەقىل-ئىلىم، ھۈنەر-كەسىپىڭ بولسا، بايسەن. چۈنكى، ئەقىل-بىلىم — مال-مۈلۈك، بايلىقتىن ياخشى. ئەقىل-بىلىم بولسا، بايلىق ئوزى كېلىدۇ. لېكىن ئەقىلنى، بى-

لىمنى پۇلغا سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ، بىلىم بولمىسا مال-مۈلۈك، بايلىق قولدىن كېتىدۇ، تۈگەيدۇ. ئەمما ئەقىل-بىلىم داۋاملىق سەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ.

ئەقىل-بىلىملىك بولسا، ھۈنەر-سانائەت ئۆگەنگىن. ئەقىللىك، بىلىملىك ۋە ھۈنەرلىك بار ئىكەن، ئەدەپ-ئەخلاقلىق ياخشى بولسۇن، چۈنكى، "ئەدەپ — ئەقىلنىڭ سۈرىتى-شەكلى" دۇر.

## ئىككىنچى باپ. ھۈنەر-سانائەتنىڭ نەسەپتىن ياخشىلىقى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل بىلگىنكى، ھۈنەر-سانائەت بىلەن ئىپتىخارلىنىش نەسەپ بىلەن پەخىرلىنىشتىن ياخشى. ھۈنەر ئۆگىنىشكە تىرىشقىن، ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ ھېچ ئادەمگە پايدىسى يوق، بەلكى ئۆزىگىمۇ پايدىسى يوق. ھۈنىرى يوق ئادەم گويا ئاق تىكەنگە ئوخشايدۇ. تىكەننىڭ ھېچ ئادەمگە سايىسى چۈشمەيدۇ. ھەرقانداق ئادەمگە ھۈنەر زۆرۈر. ھۈنىرى يوق ئادەم ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بەلكى ھايۋان ھۈنەرسىز ئادەمدىن ياخشىراق. چۈنكى ھايۋان خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ھۈنەرسىز ئادەمنى "ئىنسان سۈرەتلىك ھايۋان" دېيىلگەندۇر. ئەي ئوغۇل، "مەن پالانى ئۇلۇغ، ياخشى كىشىنىڭ ئەۋلادى" دەپ يۈرمەي، ھۈنەر ئۆگەنگىن. "شان-شەرەپ — ئەقىل ۋە ئىلىم، ئەخلاق بىلەن كېلىدۇ".

ئەي ئوغۇل، ئاتا-ئاناڭدىن قالغان نام (نەسەپ) بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئۆز ھۈنەر-كەسىپىڭ ۋە ئەقىل-پاراسىتىڭ بىلەن ئىپتىخارلان. چۈنكى، ئاتا-ئاناڭ ساڭا چىرايلىق قىلىپ ئەھمەد، ياكى مەھمۇد، ئابدۇللا، ئابدۇراخمان دەپ ئات قويغان بولسا، بۇ ئاتلار ساڭا شەرەپ بولالمايدۇ. سەن ئۆزۈڭ تىرىشىپ ھا-

سىل قىلغان ئالىم، پەيلاسوپ، دوختۇر، ئۇستاز-مۇئەللىم ياكى ھۈنەرۋەن دېگەن ئىسىملارنىڭ ساڭا مەنسۇپ بولۇشى شەرەپلىكتۇر، تىرىشىپ ياخشى، شەرەپلىك نامغا ئېرىشكىن. يامان ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولۇشتىن ساقلانغىن.

كىمكى ئۆزى نادان (ئىلىمسىز، ھۈنەرسىز) بولسا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. نادان ئادەمنىڭ سوھبىتىدىن يىراق بولۇش كېرەك. چۈنكى، بىلىمسىز ئادەمدىن ساڭا نۇقسان يەتمىسۇن. ئالىم ۋە ھۈنەرۋەن ئادەمنىڭ سوھبىتىنى غەنىمەت بىلىش كېرەك.

ئەي ئوغۇل، ھۈنەرلەر ئارىسىدا قايسى ھۈنەر ياخشىراق؟ ھۈنەرلەر ئارىسىدا "ناتىقلىق" (سۆزلەش ماھارىتى) ياخشىدۇر. ئىنسان پۈتۈن مەخلۇقلار ئىچىدە ئون نەرسە بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئون نەرسىنىڭ بەشى ئوچۇق، بەشى مەخپىي. مەخپىيلىك ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئورتاق ھېس؛ بۇ، تاشقى ئالەمدىن خەۋەرنى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يەتكۈزىدۇ. ئىككىنچىسى خىيال؛ بۇ، خەۋەرگە شەكىل بېرىدۇ. ئۈچىنچىسى پىكىر؛ ئۇ، شەيئىنىڭ ئاقىۋىتىگە نەتىجە بېرىدۇ. تۆتىنچىسى ۋەھىم (ئويلاش)؛ بۇ شەكىلگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى پەھىم قىلىدۇ. بەشىنچىسى "ھاپىزە" ئەستە ساقلاش، پىكىر قىلىشتىن ھاسىل بولغان يىغىندا خەۋەرنى ۋە شەكىللەرنى ساقلايدۇ.

تاشقى جەھەتتىكى بەش نەرسىنىڭ بىرى، ئاڭلاش؛ ئىككىنچىسى، كۆرۈش؛ ئۈچىنچىسى، تۇتۇپ بىلىش؛ تۆتىنچىسى، تېتىش؛ بەشىنچىسى، پۇراش؛ بۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىسى ھايۋاندىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئادەمدە بولغان دەرىجىدە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم گوياكى پۈتۈن ھايۋانات ئۈستىدىكى پادىشاغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئىنساندا بولغان 10 ئالىمنىڭ خۇلاسىسى ئىنساننىڭ سۆزلەش خۇسۇسىيىتىدۇر. پەھىم ئىنسان سۆزىنىڭ قانداق مەناسى بولۇشىغا قورالدۇر، خىيال

ئاڭلىغان نەرسىگە شەكىل بېرىشكە قورالدۇر، باشقىلىرىنىمۇ شۇلارغا قىياس قىلىش لازىم. ئەي ئوغۇل، تىرىشىپ تىلىڭنى سۆزلەش ماھارىتى بىلەن ۋە پاساھەت (ئوچۇق، ئېنىق، گۈزەل سۆزلەش) بىلەن بېزىگەيسەن، خەلققە تاتلىق تىل بىلەن گۈزەل سۆزلەشنى ئادەت قىلغايسەن. ھەر كىمنىڭ تىلى تاتلىق، گۈزەل بولسا، دوستلىرى كۆپ بولىدۇ. ئالىملار، پەيلاسوپلار ئېيتقانكى، "كىمنىڭ تىلى تاتلىق بولسا، دوستلىرى كۆپ بولىدۇ." سۆزگە ئۇستا كىشى ھەر بىر سۆزنى ئورنىنى تاپمىسا ئېيتمايدۇ. چۈنكى ھەر بىر سۆز ئۆز جايىدا سۆزلەنمىسە، ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ تېتىقسىز ئاڭلىنىدۇ. بەزى سۆزلەر بولىدۇكى، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن سۆزلىگۈچى جەۋرۇ-جاپاغا يولۇقىدۇ. ھەر بىر سۆزنى ئۆز ئورنىدا سۆزلەشنى بىلىش كېرەك. ھېكمەت ئالىملىرى سۆزنى شارابقا ئوخشىتىدۇ. شاراب خۇمار كەلتۈرىدۇ (شاراب ئىچىپ ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ يەنە ئىچكۈسىنى كەلتۈرىدۇ). ئىچكەندىن كېيىن باش ئاغرىتىدۇ، بەدەنگە زىيان يەتكۈزىدۇ. سورىماستىن ئىلگىرى سۆزلىمە، زورۇر بولمىغان ئورۇنسىز، بىھۇدە سۆزدىن ساقلىنىشىڭ كېرەك. ھەر بىر ئاڭلىغان سۆزۈڭنى سۆزلەۋەرمە. بەزى سۆزنىڭ ئاساسى ئىگىسى يوق بولۇپ قالسا، يالغاندىن ئىغۋا تارقاتقان بولىسەن. بىر كىشى سەندىن نەسىھەت ئاڭلاشنى خالىمىسا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلما. بولۇپمۇ نەسىھەتنىڭگە ئەمەل قىلمايدىغان كىشىگە نەسىھەت قىلما. ئەگەر بىر كىشىگە نەسىھەت قىلساڭ ئادەم كۆپ يەردە قىلما. چۈنكى، خەلق ئارىسىدا نەسىھەت قىلساڭ، ئۇ كىشىنىڭ بارلىق ئەيىبلىرىنى بېشىغا ئۇرغاندەك بولىسەن. "كۆپ كىشىنىڭ ئارىسىدا نەسىھەت قىلىش — ئادەمنىڭ بېشىغا ئۇرغانلىق بولىدۇ." ئادەم ياشلىق ۋاقتىدىن باشلاپ توغرا نىيەت ۋە ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىنىشى لازىم. ياشلىق ۋاقتىدىن باشلاپ توغرا تەربىيىلەنمىگەن ئادەم ئەگرى ئۆسۈپ قېرىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئەگرى ئۆسۈپ قېرىغان دەرەخنى تۈزلەشكە بولمايدۇ. ئۇنى پالتا بىلەن

كېسىپ ئۆتۈن قىلىشقىلا بولىدۇ. سۆزنىڭ ئۆز ئورنى تېپىلغان-
دا، بېخىللىق قىلماي سۆزلەش كېرەك. تۆھمەت ئېھتىمالى
بولغان يەردە ئولتۇرما، يامان يولدا يۈرگەن كىشىگە ھەمرا بول-
ما، چۈنكى، ئۇ سېنى يامان يولغا باشلايدۇ. يامانىنىڭ كاساپىتى
تېگىدۇ. خۇش تەبىئەتلىك ئىكەنسەن، خۇش تەبىئەتلىكنى ھېچقا-
چان ئۆزگەرتمە. بىر كىشى غەم-قايغۇغا يولۇقسا، سەن شاتلان-
ما، خەلق قايغۇغا دۇچكەلسە، سەنمۇ تەڭ قايغۇرغىن. ئۆزەڭدىن
تۆۋەن كىشىلەرگە زورلۇق قىلما، ئادالەتلىك بول، چوڭلاردىن
زورلۇق كۆرمەيسەن. خەلققە توغرا سۆزلە، سەنمۇ خەلقتىن توغرا
جاۋاپ ئاڭلايسەن. ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن كىشىگە ياخ-
شىلىق قىلما، ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئادەمگە ياخشىلىق
قىلىشىڭ شورلۇق يەرگە ئۇرۇق چاچقانغا ياكى شورلۇق يەرگە
كۆچەت تىككەنگە ئوخشايدۇ. ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇن
ۋە ئادەمگە ياخشىلىقىڭنى ئايىما، ئەگەر كىشىلەرگە ياخشىلىق قى-
لىش قولۇڭدىن كەلمىسىمۇ، يامانلىق قىلما. خەلقنى ياخشىلىق
قىلىشقا دالالەت قىل. چۈنكى، كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىشقا دا-
لالەت قىلغان كىشى ياخشىلىقنى قىلغانغا ئوخشاش. ئەگەر كىشى-
گە ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، "مەن پالانى كىشىگە ئەجەپ ياخ-
شىلىق قىلغان ئىكەنمەن" دەپ ئېيتما. كىشىگە خىيانەت قىلىش-
تىن ساقلان. شۇنداق ھالەتلەر بولىدۇكى، بەزى يامانلىقنىڭ
جازاسى مۇشۇ دۇنيادىلا يېتىپ كېلىدۇ، بەزى ياخشىلىقنىڭ مۇ-
كاپاتىمۇ كېلىدۇ. ئەگەر كىشىگە خىيانەت قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلى-
نى ئاغرىتساڭ سېنىڭ كۆڭلۈڭگىمۇ شۇنداق زەخمەت — ئاغرى-
نىش كېلىدۇ. بەلكى سەن يەتكۈزگەن ئازار-زەخمەتتىن ساڭا
ئېغىرراق يېتىدۇ. خەلق قايغۇلۇق بولسا، سەنمۇ قايغۇلۇق بول،
بىراۋ سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن خۇشاللانسا سەنمۇ خۇشال بول-
سەن. مەلۇمكى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق قىلساڭ، جازا ۋە مۇكا-
پاتىنى بۇ دۇنيادا كۆرىسەن، مۇبادا بۇ دۇنيادا كۆرمىسەڭ،
ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىسەن. بۇ سۆزنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ-

دۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەسلا بەدەلسىز قالمايدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئىمكانىيەتلا بولسا، ياخشى ئىشلارنى قىلغىن، ياخشىلىق قىلىش جەريانىدا ھەرقانچە جەۋرى-جاپا چەكسەڭمۇ زىيىنى يوق. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى راھەتلىك بولىدۇ، ياخشىلىق قىلىشتىن توختىما. كۆپ ياخشىلىق قىلدىم، پايدىسىنى كۆرمىدىم دىمە. بۇنداق دىيىش ناھايىتى خاتا. خەلق ئىچىدە: "ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ" دىگەن سۆز بار. خەلق كۆزىگە ياخشىلىق بىلەن كۆرۈنگىن، يامانلىق بىلەن كۆرۈنۈشتىن ساقلان. ھېچقاچان بۇغداي كۆرستىپ، ئارپا ساتما. قارىماققا خەلققە ياخشى كۆرۈنۈپ، ئارقىدىن يامانلىق قىلما. ئەگەر قارىماققا ياخشىلىق قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، ئارقىدا يامانلىق قىلساڭ مۇناپىقلىق قىلغان بولىسەن. ھەرقانداق ئىش قىلساڭ ئادالەت (توغرىلىق، راستلىق) بىلەن قىل. زالىملىق قىلما، زالىملىق قىلساڭ ئۆزەڭگە قايتىدۇ، قىلمىشىڭغا بىقىپ جازاسىنى كۆرىسەن.

ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ كېرەككى، ئادەمنىڭ ئىككى ھالىتى بار، ھېچۋاقىت ئۇنىڭدىن خالى بولمايدۇ. بىرى خۇشاللىق، بىرى قايغۇ. ئەگەر خۇشال بولساڭ ياكى قايغۇغا دۇچ كەلسەڭ، شۇنداق ئادەمگە ئېيتقىنكى، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ بىلەن ئۇ خۇشال بولسۇن، قايغۇڭ بىلەن ئۇ قايغۇلانسۇن. شۇنداقتىمۇ خۇشاللىق، قايغۇلۇق ھالىتىڭنى كىشىگە بىلىندۈرمىگىنىڭ ياخشى. چۈنكى، ھەر كىم ھەر خىل سۆز قىلىپ، قايغۇڭنى ئاشۇرىدۇ، ئەھۋالىڭنى يامانلاشتۇرىدۇ. يەنە ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەھۋالىڭغا تېز سۆيۈنمە ۋە ھودۇقما. تېز سۆيۈنۈش، ھودۇقۇش باللارنىڭ ئىشىدۇر. ئازغىنا بىر ۋەقە ئۈچۈن تەبىستىڭنى ئۆزگەرتمە، ئەقىل ئىگىلىرى بۇ ھالنى خۇپ كۆرمەيدۇ. ھەرقانداق خۇشاللىق كەلسە، ئالدىراپ سۆيۈنمە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قايغۇسى بولىدۇ. ھەرقانداق كۆڭۈل يېرىملىق، خاپىلىق كەلسە، رەنجىپ كەتمەي ئۆزەڭنى چىڭ تۇتۇپ يۈرگىن، ئاخىرىدا شاتلىق كېلىدۇ. ھەققانى (توغرا) ئىشلارنى ئىنكار قىلىشتىن

ساقلىنىشىڭ لازىم. بىرنەرسىنى ۋە بىرەر ئىشنى پۈتۈن خەلق ياخشى دىسە، ئەلۋەتتە ئۇ ياخشى. سەن ئۇنى يامان دىمە، يامان دىسەڭ توغرا ئىشنى يامان دىگەن بولىسەن.

كىشى بىلەن قاتتىق - ۋاقىراپ سوزلەشمە. سوزلىگەندە ئاگ-لىغىدەك سوزلىسەڭ كۇپايە قىلىدۇ، تەمكىنلىك بىلەن سوزلەش. ئەگەر بىر كىشى ساڭا قاتتىق سوزلىسە، سەن ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن جاۋاپ قايتۇر. ئەخمەق (نادان) لار ساڭا قوپاللىق قىلسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمە. چۈنكى، دانالار ئېيتقانىكى، "ئەخ-مەققە بىرىلىدىغان — جاۋاپ سۇكۇتتۇر!" بىر كىشى ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ياخشىلىغىنى ئۇنتۇما. ئۇنىڭ ياخشىلىغىنى قايتۇرالمىساڭ-مۇ ئۇنتۇپ قالما! ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭغا ۋە يېقىن دوستلىرىڭغا قولۇڭدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىل.

بىر شەھەر ياكى بىر يېزىدا تۇرساڭ ئۇ شەھەر - يېزىنىڭ قې-رى كىشىلىرىگە هورمەت قىل، چۈنكى، دۇنيادىكى بارلىق مىل-لەت ۋە دىنلاردا قېرى كىشلەر هورمەتلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇز خەلقىڭنىڭ قېرىلىرىغا هورمەت قىلىشىڭ زورۇر. قېرى كىشلەر-نىڭ پەزىلەتلىرىدىن مەهرۇم بولما. ئەگەر قېرى كىشلەردە بىرەر ئەيىپ كورسەڭ، ئۇنىڭغا كوز سالما، ياخشىلىق تەرىپىگە كوز سال. ئىلمى - هىكمەت كوزۇڭ بىلەن قارىساڭ ئاجايىپ ئىبرەتلەر هاسىل قىلالايسەن.

بىر ئادەم بىر يامان ئىش قىلسا، ئىبرەت كوزۇڭ بىلەن قارىغىن. ئۇ ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى، دەپ ئەيىپلىمە. ئوزەڭنىڭ ئاشۇنداق يامان ئىش قىلمىغىنىڭغا شۇكرى قىل. ئەي جېنىم ئوغلۇم، ئەگەر تونۇمىغان كىشى بىلەن هەمسوهبەت بولۇپ قالساڭ، ئۇنىڭدىن تېز ئايرىلغىن. خاتىرجەم - ئامان بولىسەن. چۈنكى ئۇ سىنالمىغان، ناتونۇش ئادەم بولغانلىقتىن گۇمان - شۇبھىدىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى ساڭا يېمەك ئۇچۇن بىر نەرسە بەرسە، سەن ئۇ يېمەكلىكتىن گۇمان قىلساڭ ئۇنى يېمە، چۈنكى زەهەر دەپ گۇمان قىلىنغان نەرسە

نى يېمەك ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسە زەھەرلەنگەن نەرسە بولمىسىمۇ، گۇمان بىلەن يېگەن نەرسە زىيانلىق. كىشىنىڭ مال-مۈلكىدە سېنىڭ ھەققىڭ يوق. كىشىنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا قارا. كىشىنىڭ تۇرمۇش ھاياتىغا چىدىماسلىق، كورەلمەسلىك قىلما. ئۆزەڭ تىرىشساڭ مال-مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىڭ بار. ئاچ قېلىشقا رازى بولساڭ بولغىنى، ئىلىمسىز، ھۈنەرسىز قېلىشقا رازى بولما. دانا كىشىلەرنى تاپساڭ ئۇنىڭدىن ئىلىم، ھۈنەر ئۆگەنگىن. ئىلىم، ھۈنەر قانداق كىشىدە بولسا، ئار كورمەي ئۆگەنگىن. "غەزنە ۋەيرانىلەردە، ئىنجۇ، گوھەر سەدەپتە" بولىدۇ. سەدەپكە قارىماي، ئىچىدىكى ئىنجۇ، گوھەرگە قارىغىن.

خەلق ئىچىدە ياخشى ئىشلارنى كورسەڭ، ئۇنى ئۆگەنگىن ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغىن، يامان ئىشلارنى كورسەڭ، ئۇنىڭدىن ساقلانغىن. قانداق نەرسە خەلققە پايدىلىق بولسا، ساڭا ھەم پايدىلىق. خەلققە زىيانلىق نەرسە ساڭا ھەم زىيانلىق.

دائىم ئۆزەڭگە ئۆزەڭ نەسىھەت قىل، ئۆزەڭنى تۈزۈك تۇتقىن. ئۆزەڭنى تۈزۈك تۇتۇش شۇكى، ئۆزەڭ ئۆگىنەلەيدىغان ئىشقا ئەقلىڭنى — ئىلمىڭنى سەرپ قىلغىن. زورۇر نەرسىنى ئۆگەنگىن. ئۆگىنىشكە ۋاقىت يوق دېمە. ھېچقانداق ۋاقتىڭنى بوش-بىكار ئۆتكۈزمە. ئەگەر ھۈنەر ئۆگىنىشتە بىر ھۈنەرۋەن ئادەم تاپالمىساڭ، يەنە بىر ھۈنەر بىلمەس كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قارا، ئۇنىڭ قىلغان يارىماس ئىشىنى كورۇپ، ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشنى ئىشلەشكە ئىجتىھات قىل، ھۈنەرۋەن بولىسەن.

ھەر بىر كىشىگە لازىمكى، ئىشنىڭ چوڭ-كىچىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەي، ھۈنەر-بىلىم ئاشۇرۇشقا تىرىششى كېرەك. لوقمان ھېكىمدىن: "ئەدەپ-ئەخلاقنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟" دېپ سورالغاندا، "ئەدەپسىزلەردىن ئۆگەندىم" (ئەدەپسىزلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى كورۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزەمنى ساقلىدىم) دېگەن.

**ئادەم نەسىل-نەسەبى (ئاتا-بوۋىلىرى) بىلەن باشقىلار-**

دىن ئۇلۇغ بولالمايدۇ، ئۇلۇغلۇق ئىلىم-بىلىم، ھۈنەر بىلەن بولىدۇ.

مەلۇمدۇركى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا كۆپ مەقسەتلىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئىلىم-بىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ۋە ئىقتىدار ھاسىل قىلسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. چۈنكى، ئىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ئاشۇرۇش — ئۆز دەۋرىمىدىكىلەردىن ئارتۇق بولاي دېگەنلىكتۇر. ھەر كىم ئىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ئۈگىنىشتىن ئۆزىنى تارتسا (ئۈگەنمىسە)، ئاجىزلىق، بېچارىلىقۇا رازى بولغانلىقتۇر، مۇنداق قىلىش — غەيرەتسىزلىك ۋە ھىممەتسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. غەيرەتسىز، ھىممەتسىز كىشى ھېچقاچان ئۇلۇغلۇق (يۇقىرى مەرتىۋە) گە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئىجتىھات قىل، تىرىشقىن، ھورۇنلۇق قىلما، بەدەننى ئەيگەك، ھەر خىل مەشغۇلات بىلەن چېنىقتۇرۇش غايەت پايدىلىقتۇر. ئەگەر بەدەننىڭ بوشاڭلىق، ئاجىزلىق كۆرسەتسە، سەن ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەرمە. بەدەننىڭنى خىزمەت قىلدۇر، تېنىڭنى ھورۇنلۇققا ئۈگەتمە، ئەگەر ئۆز ھالىغا قويۇپ بەرسەڭ، سۇسلۇق-بوشاڭلىق پەيدا بولۇپ، بارا-بارا بەدەنىڭ ساڭا بوي سۇنمايدۇ.

بەدەننىڭ ھەركىتى ئۆز تەبىئىتىدىن ئەمەس. ئۇ، سېنىڭ بۇيرۇغۇڭ بىلەن ھەركەت قىلىدۇ. بەدىنىڭنى ئۆزەڭگە بوي سۇندۇرغىن. بەدىنىڭنى ھورۇنلۇق-بوشاڭلىققا ئادەتلەندۈرسەڭ، ساڭا بوي سۇنمايدۇ، سەن ئۇنىڭغا بوي سۇنىسەن.

ئەگەر بىر كىشى ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرالمىسا، باشقا كىشىنى ئۆزىگە قانداق بوي سۇندۇرالىسۇن؟ ئەگەر سەن قانداق يول بىلەن بولسۇن بەدىنىڭنى ئۆزەڭگە بوي سۇندۇرالساڭ، باشقا ئادەملەرنىمۇ بوي سۇندۇرالايسەن. ھەرقاچان ئۆز بەدىنىڭنى ئۆزەڭگە بوي سۇندۇرساڭ ۋە ھۈنەر (ئىلىم-كەسىپ) ئۈگەنسەڭ، جەزمەن بىلىشىڭ لازىمكى، ئىككىلا جاھاندا خاتىرجەم بولىسەن. شۇنداق ئىكەن، ئىلىم-ھۈنەر ئۈگىنىشنى ۋە بەدىنىڭنى ئۆزەڭ-

گە بويسۇندۇرۇشنى دۇنيادا ئامانلىق ئۈچۈن غەنىمەت بىل، ئەي جېنىم ئوغلۇم، تېخى يەنە بىرنەچچە گۈزەل سۈپەتلەر بار، كىشى ئۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىپ، ئۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولسا، خۇدا ۋە خەلق ئالدىدا يارامىلىق كىشىلەردىن بولىدۇ. ئۇ سۈپەتلەر: 1) ئىلىم؛ 2) ئەدەپ؛ 3) كەمتەرلىك؛ 4) تەقۋادارلىق (يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىماق)؛ 5)سۆز-ھەركەتتە توغرىلىق؛ 6) دىن-دىيانەتتە پاكلىق؛ 7) خەلقنى رەنجىتمەسلىك؛ 8) زىيان-زەخمەت يەتكەندە سەۋرلىك بولۇش. بۇ ئىشلارنىڭ تايىنىدىغان كۆچى ھايادۇر. "ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر." ھەرقاچان ئادەمدە ھايا بولسا، ئىمانمۇ بولىدۇ. ھايا بولمىغان ئادەمدە ئىمانى كاملىق بولمايدۇ. ئىمانى بار ئادەمنىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشى بولىدۇ. لېكىن، ئادەم ۋاقتىنىڭ ئوغلى بولۇشى كېرەك، يەنى ھەر ئادەم ئۆزى ياشىغان ۋاقىتقا قاراپ ئىش قىلىشى كېرەك. بىر ئىشنى قىلىش بىلەن زىيان كېلىدىغان بولسا، ئۇ ئىشنى قىلمىغان ياخشى.

ئەي ئوغۇل، تارتىنچاق بولمىغىنكى، ئىشلىرىڭدا يېتەرسىزلىك بولمىسۇن ۋە پايدىلىق ئىشىڭدا زىيان بولمىسۇن. كۆپ ئىشلار بولىدۇكى، تارتىنىپ تۇرساڭ، مەقسىدىڭ ھاسىل بولمايدۇ. بۇنداق ئىشلاردا تارتىنماسلىق كېرەك. ئەمما مەنىسىز سۆز-ھەركەتتىن، ھەسسلىكتىن ۋە خىيانەتچىلىك، يالغانچىلىقتىن ھايا قىلىش كېرەك. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۇيالماق كېرەك. بىراق، گويا بولمايدىغان سۆز-ھەركەتلەردە ھايا قىلىپ، تارتىنىپ تۇرساڭ، مەقسىدىڭ ھاسىل بولمايدۇ، "تارتىنىش رىزىقتا توسالغۇ بولىدۇ". ھايا قىلىدىغان ۋە ھايا قىلمايدىغان ئورۇنىنى بىلىش كېرەك. ساۋاپ ۋە پايدا بولىدىغان ئورۇنلاردا ھايا قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما، خەلق ئالدىدا، تەگرى ھوزۇرىدا، خەلق سۆيگەن ئۇلۇغلار ئالدىدا ھايا قىلىش كېرەك. ئاقىل-دانا كىشىلەرنىڭ ھەركىتى ئەنە شۇدۇر.

ئەي ئوغۇل، ئىلىم ۋە سەنئىتى يوق كىشىنى ئادەم ئورنىدا

قويما ۋە ئادەم قاتارىدا ھىساپلىما، مۇنداق ئادەم بىلەن ھەمـ
سوھبەت بولما. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئىلىم ئورنىغا قو-
يىدىغان ئادەملەر بىلەن ھەمسوھبەت بولماسلىق لازىم. بۇ "مۇ-
رەككەپ نادانلىق" دېيىلىدۇ. ئەگەر سوھبەتلەشسەڭ، بىلىملىك،
ياخشى كىشىلەر بىلەن سوھبەتلەش. چۈنكى، بىلىملىك، ياخشى
ئادەملەر بىلەن ھەمسوھبەت بولساڭ، ھەر جەھەتتە ساڭا پايدى-
سى بار. مەسىلەن. قىزىل گۈل يېغى ئەسلىدە ياغاچنىڭ يېغى،
گۈل چىچىگى بىلەن ھەمسوھبەت بولغانلىقتىن "گۈل يېغى" دەپ
ئاتىلىدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "بىر ئادەم
بىر جامائەت بىلەن 40 كۈن بىللە يۈرسە، شۇ جامائەتنىڭ
جۈملىسىدىن بولىدۇ" دەپتىكەن.

ھەرقاچان ياخشى ئىشقا دۇچكەلسەڭ ياكى ياخشى كىشىلەرنىڭ
ياخشى ئىشلىرىنى كورسەڭ ئىنكار قىلما، ياخشىلىقنى ئۇنتۇما،
سەندىن ئۈمىت قىلغان ئىشلىرىغا ھىممەتسىزلىك قىلما.

ئەي ئوغۇل، گۈزەل ئەخلاق بىلەن سۇغىرىلغىن، يامان ئەخـ
لاق (خۇي-ئادەت) لەردىن يىراق بول، سوز ياكى ھەركىتىڭ
ئارقىلىق بىرەر كىشىگىمۇ زىيىنىڭ يەتمىسۇن، خەلق ئارىسىدا
يامان دەپ ئاتالما. سېنى كىشىلەر ماختىسۇن. چۈنكى، ئاقىل
كىشىلەر سېنىڭ كوركەم ئەخلاقىڭ ۋە ئىلىم-پەزىلىتىڭنى كو-
رۇپ ماختايدۇ. ئەمما نادانلار سېنىڭ يامان ئىشلىرىڭنى كو-
رۇپ ماختايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئادەملەر، يەنى ئالىملار ۋە نا-
دانلار بىر-بىرىگە قارشىدۇر. چۈنكى، ئالىمغا خاس بولغان
ئىشنى نادانلار ياخشى كورمەيدۇ. نادانلارنىڭ ئىشىنىمۇ ئالىمـ
لار ياخشى كورمەيدۇ. نادانلار ئالىملارغا دۈشمەن. چۈنكى،
نادان كىشى ئالىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىلىمنىڭ ئەسلىنى بىلـ
مەيدۇ. ئالىم-ئاقىل كىشى ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق ئىشنى
سەندە كورۇپ، سېنى ماختايدۇ. نادان - جاھىل كىشى ئۆزىگە
مۇۋاپىق ئىشنى سەندە كورۇپ، سېنى ماختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
نادانىنىڭ ماختىشىدىن ساقلىنىشىڭ كېرەك. نادانىنىڭ سېنى ماخـ

تىشى ئالىمنىڭ نەپرەتلىنىشىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ سوزنىڭ ھەقىقە-
تىنى بىلدۈرىدىغان مۇنداق بىر ھېكايە بار: يۇنان ئالىملىرى-
دىن بىرىگە بىر كۇنى شەھەر خەلقىدىن بىر ئادەم كېلىپ سالام
بېرىپتۇ ۋە ئالىمنىڭ سوھبىتىدە ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئادەم: "ئەي
دانا ئالىم، پالان كىشى سىزنى ياقتۇرىدىكەن، شۇڭا ھەر بىر يى-
غىندا سىزنى ماختايدۇ" دەپتۇ. بۇ كىشى ئېيتقان ئادەم ئەسلى
نادان ئادەم ئىكەن. ئالىم بۇ سوزنى ئاڭلاپ كوڭلى يېرىم بوپ-
تۇ-دە، خاپا بولۇپ يىغلاپتۇ. ئۇ كىشى بۇ ھالنى كورۇپ
ئەجەبلىنىپتۇ ۋە: "ئەي دانا ئالىم، مەن ساڭا نىمە دىدىم، سەن
خاپا بولۇپ يىغلىدىڭ، ئەگەر ساڭا ناماقۇل سوزنى قىلىپ
قويغان بولسام، ئەپۇ قىل" دەپتۇ. ئالىم ئۇنىڭغا: "سەندىن ما-
ڭا ھېچقانداق ناماقۇل سوز ۋە زىيان يەتمىدى. لېكىن، مېنى
بىر نادان ماختىغان ئىكەن، مەن نادانغا ياخشى كورۇنىدىغان
بىر ئىش قىلغان ئوخشايمەن، ئۇ نادان يامان ئىشىمنى ياقتۇ-
رۇپ مېنى ماختاپتۇ. ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خارلىق بولارمۇ؟
كاشكى ئۇ نادان ياخشى كورۇپ ماختىغان ئىشنى بىلسەم توۋە
قىلغان بولاتتىم. نادانىنىڭ مېنى ماختىشىغا قارىغاندا مەن تېخى
جاھىل ئىكەنمەن. ئەگەر جاھىل بولمىسام، نادانلارغا لايىق
ئىش قىلمىغان بولاتتىم. نادان ھەرقاچان ئوزىگە ئوخشاش نا-
داننى ماختايدۇ" دەپتۇ. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەسەل
بار: مۇھەممەت بىننى زەكەرىيا دىگەن ئالىم بىر كۇنى شاگىرت-
لىرى بىلەن مەھەللە ئىچىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا تاسادىپى
ئالدىدىن بىر مەجنۇن (ساراڭ) ئادەم چىقىپ كېلىپ، ئۇنىڭ
يۈزىگە قاراپ كۇلۇپتۇ. مۇھەممەت بىننى زەكەرىيا ئويىگە قاي-
تىپ كېلىپ دەرھال ئەفتىمون① قاينىتىپ ئىچىپتۇ. شاگىرتلىرى
بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. مۇھەممەت بىننى زەكەرىيا جا-
ۋاپ بېرىپ: "ئۇ ساراڭنىڭ يۈزۈمگە قاراپ كۇلگىنى ئۇچۇن

① ئەفتىمون ــــ سېرىق ئوت. بۇنىڭ شەرۋىتى سەۋداغا پايدىلىق.

ئەفشىمون قايىنتىپ ئىچتىم. چۈنكى، ئۇ سارالڭ مەندە ئۇزىگە لايىق بىرنەرسە كورمىسە كۆلەمتى؟ ھەر بىر قۇش ئۇز جىنسى بىلەن ئۇچىدۇ» دەپتۇ.

ئەي ئوغۇل، بەك يۇۋاش بولىما ۋە بەك جىددى (ئوتكۈن) بولما. ئارتۇقچە يۇۋاش بولساڭ، خەلق سېنى باسىدۇ، زىيادە ئوتكۈن بولساڭ، خەلق سەندىن قاچىدۇ. «يۇۋاش بولساڭ باسىدۇ، يامان بولساڭ ئاسارلار». يۇۋاشلىق ۋە ئوتكۈنلۈكنىڭ ئارىسىدا موتىدىل بول، شۇندىلا خەلققە دوست بولالايسەن. خەلققە دوست بولساڭ، ھاجەتلىرىڭ ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سېنى يامان ئىشلارغا باشلىمايدۇ.

ئەي ئوغۇل، كىشىنى رەنجىتمە، ھەتتاكى بىراۋ سېنى ئۇرۇنسىز رەنجىتسىمۇ، سەن ئۇنى رەنجىتمە، ئىسىل يىگىتلىك شۇدۇر. شەھەر ۋە يېزىدا تۇرساڭ، ياخشى كىشىلەرنىڭ مەھەللىسىدە تۇر. ياخشى كىشىلەرنىڭ ساڭا زىيىنى يەتمەيدۇ. تەجرىبىلىك، شەپقەتلىك دوستلارنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىل، ئۇلار ساڭا شەپقەت قىلىدۇ. شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان دوستلارنىڭ قېشىغا خاس چاغلاردا بېرىپ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغىن، خاس چاغدا ئاڭلىغان نەسىھەت كوڭۈلگە ياقىدۇ. جامائەت ئارىسىدا ئاڭلىغان نەسىھەت قۇلاققا كىرمەيدۇ. بارلىق ئىلىم-ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىپ بولدۇم دېمە. بۇنداق دېيىش ئوپ-ئوچۇق نادانلىق. ئەگەر نادانلىقتىن خالاس بولاي دېسەڭ، قانچىلىك ھۈنەر-ئىلىم، پەزىلىتىڭ بولسا، ھامان بىلمەيمەن دېگىن، چۈنكى، ھۈنەر-پەزىلەت ئىگىلىرىگە بىلمەيمەن دېگەندىن ئۇلۇغ پەزىلەت يوق.

**ھىكايەت** نۇشىرۋان زامانىدا، نۇشىرۋانغا بۇزۇر جۇمھۇر ئىسىملىك بىر دانا، ئالىم كىشى ۋەزىر ئىدى. رۇم (رۇما) دىن بىر ئەلچى كەلدى. نۇشىرۋانغا ئەلچىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر يەتكۈزۈلدى. ئەلچى كىرىپ نۇشىرۋان بىلەن كورۇشكەندە، پارسىلارنىڭ رەسمى-يوسۇنى بويىچە ئىززەت-ھورمەت قىلىنىپ، سوئال-جاۋاپلار تامام بولۇپ، ئەلچىنىڭ قايتىش ۋاقتى بولغىچە

نۇشىرۋان ئۇزىنىڭ ئەھۋالىنى ھەم ۋەزىرى بۇزۇر جۇمھۇرنىڭ ئىلىمنى، ئىقتىدارىنى بىلدۇرۇشنى خالىدى:
— ئەي دانا، — دېدى نۇشىرۋان بۇزۇر جۇمھۇرغا، — ئالەمدە مەۋجۇت نەرسىلەرنى بىلەمسەن؟
نۇشىرۋاننىڭ شۇنداق سوراشتىن مەقسىدى بۇزۇر جۇمھۇرنى بىلمەن دەپ ئېيتقۇزۇش ئىدى. ئەمما، دانا ۋەزىر — بۇزۇر جۇمھۇر كامىل ئەقلى بىلەن:
— ياق پادىشاھىم، بىلمەيمەن، — دېدى.
نۇشىرۋان بۇ جاۋاپنىڭ ئۇز مۇددىئاسىدەك بولمىغانلىقى ئۇچۇن، كوڭلىدە ئاداۋەت ساقلىدى. يەنە:
— كىم بىلدۇ؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق بىر كىشى بىلدۇكى، — دېدى بۇزۇر جۇمھۇر، — ئۇ، پۇتۇن ئالەمگە باراۋەر بولالىسا. لېكىن پۇتۇن ئالەمگە باراۋەر ئادەم ئانىسىدىن تېخى تۇغۇلمىدى.
نۇشىرۋان بىلدىكى، بۇزۇر جۇمھۇر دانانىڭ بۇ سوزلىرى ئىنتايىن ئاقىللىق بىلەن ئېيتىلغان. رۇم ئەلچىسىمۇ بۇزۇر جۇمھۇرنىڭ سوزىنى ماقۇل كوردى.
ئەي ئوغۇل، ئوز-ئوزەڭنى بىلىمسىلەر ۋە ئىقتىدارسىزلار مەرتىۋىسىدە تۇت. يەنى، ھەرقانچە بىلسەڭمۇ مەندىن ئارتۇق بىلىدىغانلار بار، دەپ قىياس قىل. "بىلمەيمەن دېيىش — ئىلىمنىڭ يېرىمىدۇر." ئالىم كىشىنىڭ ھۇنىرى شۇكى، سۇقرات ھېكىم شۇنداق ئۇستازلىقى ۋە شۇ قەدەر ئىلمى بىلەن: "مەندىن كېيىن كەلگەن ئالىملار ۋە ئۇلۇغلار سۇقرات زور دەۋا قىلغان ئىكەن دەپ مېنى ئەيىپلەشلىرىدىن قورقمىسام ھېچنەرسە بىلمەيمەن، دەپ ئېيتاتتىم ۋە ئوزەمنى ئاجىز دەيتتىم. ئەمما نىمە دەيمەنكى، ماڭا ئوخشاش كىشىنىڭ سوزى بۇ ئەمەس، چۈنكى بۇ سوز زور دەۋادۇر" دېگەن ئىدى. ئەبۇ شۇكرى سۇلايمان بىننى سەئىدمۇ بۇ توغرىدا پارچە بىر ياخشى بېيىت ئېيتقان:

مەنكى ئىبنى سەئىد سۇلايمانەم،
مەخزەنى دانىشى خۇراسانەم.
تا بەدانىجا رەسىد دانىشمەن،
كى بەدانىشتەم كى نادانەم.

**تەرجىمىسى:**

مەن سەئىد ئوغلى سۇلايمان ئىدىم،
خۇراسان ئىلمىنىڭ غەزنىسى ئىدىم.
يەتتى شۇ يەرگە مېنىڭ ئىلىم-دانىشىم،
ئەمدى بىلدىمكى، بىلىمسىز نادان ئىدىم.

ئەي ئوغۇل، ئەمدى ئەگەر ئىلىمدە ۋە كەسپ-ھۈنەردە كامىل بولساڭ ۋە ھەرقانچە بىلىملىك بولساڭ، ئۆز بىلىمىڭدىن مەغرۇرلانما. بىر ئەقىللىق كىشى بىلەن كېڭەش-مەسلىھەت قىلغىن، مەسلىھەتلەشمەي ئىش قىلما، ئۆز رەيى بىلەنلا ئىش قىلغۇچىلاردىن بولما. مەشھۇر مەسەلدۇركى: "كېڭەش قىلىشقا كىشى تاپالمىساڭ، بۆركۈڭ بىلەن كېڭەش". مەسلىھەت-كېڭەشنى ئەيىپ دەپ ھېساپلىما، پىكىر — مېنىڭ پىكرىم دېمە، يەنى ئۆز بىلگەنىم بىلەن ئىش قىلىمەن، كىشىنىڭ بىلگىنى ماڭا كېرەك ئەمەس، دېمە. چۈنكى كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆز پىكرى بىلەن ئىش قىلغان كىشى ئاخىرى پۇشايمان قىلىدۇ. ئەقىللىق قېرىلار، شەپقەتلىك دوستلار بىلەن كېڭىشىپ ئىش قىل. كورمەمسەن، ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ تۇرۇقلۇق تەڭرى ئۇنىڭغا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشقا پەرمان قىلىپ: "ئەي مۇھەممەت، ئىشلىرىڭدا ساھابىلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكىن" دېدى. تەڭرى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىشلىرىنى مەسلىھەتسىزمۇ توغرا قىلالايتتى، ئەمما پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە سۈننەت (يول، تەلىم) بولسۇن دەپ مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇدى. "ئەي ھەبىبىم (دوستۇم)،

ھەر ئىشنىڭ ساھابىلىرىڭ بىلەن كېڭىشىپ ئىشلىگىن، تەدبىر قىلماق سەندىن، توغرا قىلماق مەندىن" دېگەن ئىدى. ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، ئىككى كىشىنىڭ ئەقلى بىر كىشىنىڭ ئەقلى بىلەن باراۋەر ئەمەس. چۈنكى، ئىككى كۆز بىلەن كۆرۈشكە بىر كۆز بىلەن كۆرۈش تەڭ ئەمەس. بىلىشىڭ كېرەككى، بىر تۈۋىپ ئاغرىپ قالسا، ئۆزىگە ئۆزى داۋا قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆزىنى - ئۆزى داۋالىسا، كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى بىر تۈۋىپتىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ. ئەگەر داۋالاشقا ياردەم سورىغۇچى تۈۋىپ داۋالىغۇچى تۈۋىپتىن ئالىم بولسىمۇ، كېسەللىكى سەۋەپلىك ئۆزىگە - ئۆزى داۋا قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، باشقا ئىشلارمۇ شۇنداق. ھەر كىم بىر ئىش ۋاقتىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمىسە، باشقا كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىدۇ. ئەي ئوغۇل، جىنسداشلىرىڭنىڭ بىرەر ئىشتا ساڭا ھاجىتى چۈشسە، شۇ ئىشنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن تىلىڭ بىلەن بولسۇن ياكى كۈچ، قەدىمىڭ بىلەن بولسۇن، ئىقتىسات ياكى، ئابرويۇڭ بىلەن بولسۇن ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشقىن. سەندىن ياردەم تەلەپ قىلغۇچى ئەگەر دۈشمىنىڭ بولسىمۇ ياردەم قىلىشنى رەت قىلما، ياخشىلىقنى ئايىما، ئېھتىمالكى ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى دوستلۇققا ئۆزگىرىدۇ.

ئەي ئوغۇل، ھەرقاچان سۆزنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ۋە ئالىملار زىيارىتىڭگە كەلسە، ئۇلارغا غايەت ھۆرمەت قىل، ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى غەنىمەت بىل. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سېنى زىيارەت قىلىپ كېلىشى سېنى ئۇلۇغلىغانلىقى. ئۇلارنى ھۆرمەتلىسەڭ، ياخشى ئادەملەر ھەر قاچان سېنى ھۆرمەتلەشكە ئامراق بولىدۇ. ياخشى كىشىلەر بىلەن مەجلىسداش بولساڭ، سەنمۇ ياخشى كىشىلەردىن بولىسەن. ياخشى كىشىلەرنىڭ سوھبەت - مەجلىسىدە بولساڭ، گۇستاخلىق قىلما. ھەرقانچە بىلىملىك بولساڭمۇ ئۇلۇغلارغا ھۆرمەت قىلىپ ئەدەپ ساقلا. كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر سۆزى گۆھەر ۋە ھېكمەت بولسىمۇ، ئەگەر گۇستاخ-

لىق قىلسا، ھىكمىتى، قىممىتى قالمايدۇ، سوزىنىڭ ساپاسى بولمايدۇ. گۇستاخ بولماي دىسەڭ سوزلەشنىڭ شەرتلىرىگە رىايە قىل.

## ئۈچىنچى باپ. سوزلەشنىڭ شەرتلىرى ۋە ئەدەپلىرى ھەققىدە

ئاۋال بىلىش كېرەككى، گۈزەل - ياخشى سوزلەش ھەر كىمگە ۋاجىپ (زورۇر). ياخشى سوزلەرنى ئاڭلاش ۋە پەملەش لازىم. يەنى ئۆزەڭ ياخشى سوزلەش ۋە سوزلىگەن كىشىنىڭ سوزىنى ياخشى پەملەش زورۇر ئىش. ئەي ئوغۇل، ئەمدى سەن ئۆزەڭمۇ ياخشى سوزنىڭ ياخشىسىنى سوزلىگىن، يالغان سوزلەشتىن ساقلانغىن، ھەرگىز يالغان سوزلىمە. خەلق ئىچىدە يالغانچى دەپ نامىڭ چىقمىسۇن. خەلق ئىچىدە ھەققانى سوزلۈك، توغرا دەپ مەرۇپ-مەشھۇر بولۇشقا تىرىشقىن. ئەگەر ھەق-توغرا سوز بولسىمۇ يالغانغا ئوخشاپ قالىدىغان بولسا، مۇنداق سوزنى سوزلىمە، يەنى كىشلەر ئىشەنمەيدىغان سوزلەرنى سوزلىمە. چۈنكى، توغرا سوز يالغان سوزگە ئوخشاپ قالسا، يالغان بولىدۇ. بەزىبىر ھاللاردا بىر يالغان سوز ھەق - توغرا سوزگە ئوخشىسا، ھەق سوزدىن ئوتۇپ كېتىدۇ.

**ھىكايەت:** ئەمىر شاپۇر بىننى پەزىلنىڭ مەجلىسىدە ماڭا مۇنداق بىر ۋەقە دۇچكەلگەن ئىدى: ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇغان پەرزلىرىدىن ھەج تاۋاپ قىلىشتىن باشقىسىنى ئادا قىلىدىم (بېجىردىم). ئاخىرى ئاللاتائالا ھەج تاۋاپ قىلىشنىمۇ نېسىپ قىلدى، ھەج زىيارىتىنى ئادا قىلدىم. ھەجدىن ئۆز مەملىكىتىمگە قايتىپ كەلدىم. غازات قىلىشنى ئارزۇ قىلدىم. دەسلەپتە ھىندىستان تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، كوپ غازات قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن رۇم تەرىپىگە بېرىپ غازات قىلىش ئارزۇسىدا بولدۇم،

تەييارلىق كۆرۈپ، كۇھىستاندىن رۇمغا يۈرۈش قىلدىم. ئۇ ۋاقىتدا رۇمنىڭ چېگرىسى گەنج دېيىلىدىغان بىر مەملىكەتكە قەدەر سوزۇلاتتى. گەنجگە ئەمىر شاپۇر بىننى پەزىل پادىشا ئىدى. ئۇ، زىرەك، باتۇر، ئاتىق ۋە دىنىي ئېتىقادى توغرا، پاك، يىراقنى ئويلاپ ئىش قىلىدىغان بىر ئادەم ئىدى، دۆلىتىنى پادىشالار نىزامى بويىچە باشقۇراتتى. دېمەك، مەن ئاشۇ پادىشانىڭ مەجلىسىگە باردىم. پادىشا مېنى قوبۇل قىلىپ ناھايىتى خۇش كۆردى، ئىززەت-ئىكرام قىلدى. سوھبىتىمىز ئارىسىدا ھەر توغرىدا سوزلەدى، مەندىنمۇ ھال سورىدى. سورىغانلىرىغا لايىقىدا جاۋاپ بەردىم، جاۋاپلىرىمنى ئەقلىغا مۇۋاپىق كۆرۈپ ھۆرمەت قىلدى. بىرنەچچە زامان ئۇنىڭ يېنىدا تۇردۇم. ئۇز مەملىكىتىمگە قايتاي دەپ رۇخسەت سورىسام قوبۇل قىلمىدى. مەن ئۇنىڭدىن مۇنداق ئىززەت-ئىكرام كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن رۇخسەتسىز كېتىشنى لايىق كۆرمىدىم، يەنە ئۇنىڭ يېنىدا بىرنەچچە كۈن تۇردۇم. ھەر بىر يىمەك-ئىچمەكتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولاتتىم. كۆپىلگەن سوھبەتلىرى مەن بىلەن بولاتتى. دۇنيانىڭ ئەھۋالىدىن، پادىشالار ۋەقەسى — ھېكايەتلىرىدىن، تارىختىن سوز سورايتتى. مەن بىلگىنىمچە بايان قىلاتتىم. شۇ ئارىدا سوزدىن سوز چىقىپ، بىزنىڭ مەملىكىتىمىز ھەققىدە، كۇھىستان، گۇرگان (جۇرجان) ۋە تەبەرىستان مەملىكەتلىرى ھەققىدە سوزلەر بولدى ھەم مەملىكەتنىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىرىنى سورۇشتۇردى:

— مەملىكىتىڭىزدە قانداق ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەر بار؟

— گۇرگان يېزىلىرىدىن بىر يېزا بار، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ چېتىدە بىر بۇلاق بار. ھەر قاچان ئاياللار ئۇ بۇلاققا سۇغا كەلسە بىر ئايال چىلەك كوتەرمەستىن بىللە كېلىدۇ. چىلەك كوتەرمەي بوش كەلگەن ئايال يولدىكى قۇرۇتلارنى سۇ كوتەرگەن ئايال قۇرۇتنى دەسسىۋەتمىسۇن دەپ، يولدىن يىراق قىلىدۇ. مۇبادا بۇ ئايال چىلىگىنى سۇغا تولدۇرۇپ ماڭغاندا بىر قۇرۇتنى دەسسەپ ئولتۇرۇپ قويسا، چىلەكتىكى سۇ نىجىس

(ناپاك) بولىدۇ. قۇرۇتنى بىرنەچچە قېتىم دەسسەپ قويسا، سۇ شۇنچە قېتىم ناپاك بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك سۇغا ئىككى ئايال بىللە كېلىدۇ.

پادىشا شاپۇر بۇ سوزنى ئاڭلاپ مەندىن يۈزىنى ئۆرۈدى. بىر مۇددەت مەن بىلەن سوزلەشمىدى. مەن بۇنىڭ سەۋىۋىنى بىلمىدىم.

پادىشانىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى، ئىسمىنى دەيلىمى دەيتتى. ۋەزىر يېنىمغا كېلىۋىدى، ئۇنىڭدىن پادىشانىڭ مەن بىلەن سوز- لەشمەس بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋىۋىنى سورىدىم.

— پادىشانىڭ سەندىن كوڭلى قالغان بولسا كېرەك، — دې- دى ۋەزىر، — چۈنكى، پادىشا خاپا بولۇپ مۇنداق ئېيتتى: ”شۇنچە كامالەتلىك كىشى مېنىڭ سوھبىتىمدە باللارنىڭ سوزىنى قىلدى، نىمە ئۇچۇن ئالىم تۇرۇپ مېنىڭ مەجلىسىمدە يالغان سوزلەيدۇ؟“

مەن ۋەزىردىن شۇ سوزنى ئاڭلاپ، توغرىلىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەرھال گورگانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خەت بىلەن گۇرگان- نىڭ ئەرباپلىرىغا ئەھۋالىنى بىلدۇردۇم ۋە ”ماڭا بىر گۇۋانامە يازدۇرۇپ، گۇرگاننىڭ رەئىسلىرى، ئۇلىما ۋە قازىلىرى موھۇرلى- رىنى بېسىپ ئىمزا قويۇپ ئەۋەتسۇن“ دېدىم. ئەلچى بېرىپ كەلگىچە تولۇق 4 ئاي ئوتۇپ كەتتى. گۇرگاندىن بۇ ھەقتە گۇۋانامە كەلدى، پادىشاغا يەتكۈزۈلدى. پادىشا كورۇپ كۇل- دى ۋە:

— سېنىڭدەك كىشى مېنىڭ ئالدىمدا يالغان ئېيتماس دەپ بىلەتتىم، لېكىن بىر ھەق سوز بولۇپ، بۇ قەدەر ئىسپات، گۇۋا- چىلار بىلەن 4 ئاي داۋامىدا ئۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغۇدەك ئەھۋال بولسا، ئۇ سوزنى تىلغا ئېلىش تامامەن لازىم ئەمەس ئىدى، ئۇ سوزنى مەن ساڭا زورلاپ ئېيتقۇزمىغان ئىدىم. ئۇزەڭ سوزلىدىڭ، ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇ قەدەر مۇشەققەتكە گىرىپتار بولدۇڭ، — دېدى.

ئەي ئوغۇل، بىلگىنىڭكى، سۆز تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: بىر تۈرلۈك سۆز باركى، بىلىپ قويۇشۇڭ كېرەك، ئەمما سۆزلىمە؛ يەنە بىر تۈرلۈك سۆز بار، بىلمە ھەم سۆزلىمە؛ يەنە بىر تۈرلۈك سۆز بار، بىلىۋال ھەم سۆزلە. يەنە بىر تۈرلۈك سۆز باركى، سۆزلىسەڭ، بىلمەيسەن.

بىل، سۆزلىمە دېگىنىم شۇكى، بىراۋنىڭ ئەيىۋىنى بىلسەڭمۇ سۆزلىمە، بۇ غەيۋەت دېيىلىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەر مۇنداق غەيۋەت سۆزنى بىلسىمۇ سۆزلىمەس. بىلمە، سۆزلىمە دېگىنىم شۇكى، ئۇنى سۆزلىسەڭ دىنىڭغا ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىڭغا زىيان كەلتۈرىدۇ. بۇنداق سۆزنى بىلىش ۋە سۆزلەشتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك، بۇ سۆز يالغان سۆزدۇر. بىل ۋە سۆزلە دېگىنىم، كىشىنىڭ دىنىغا ۋە دۇنياسىغا پايدىلىق سۆزلەر. تەگرى ئۇز قۇرئانىدا بۇيرۇغانكى، "تاشقى جەھەتتە مەنالىرى قارىمۇ - قارشى ۋە تەلەپپۇزلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاش" ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلغان. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنالىرىنى تەگرىدىن باشقىلار بىلمەيدۇ. مۇنداق ئايەتلەرنى ئوقۇساڭ، مەناسىنى بىلمىسەڭ ساڭا ھېچ زىيىنى يوق. بۇ تۆت خىل سۆزنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئىككى سەۋىيى بار: گۈزەل، ياخشى ئىبارە ياكى يامان ئىبارە بىلەن سۆزلىنىدۇ. ھەرقاچان خەلققە سۆزلىسەڭ گۈزەل، يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىشىڭ كېرەك، شۇنداق بولغاندا، سۆزۈڭنى خەلق قوبۇل كورىدۇ. خەلق سېنىڭ قانچىلىك كىشى ئىكەنلىكىڭنى سۆزۈڭدىن بىلىۋالىدۇ. بىلىش لازىمكى، ئادەم — سۆزى ئاستىدا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، سۆزلىمەي تۇرۇپ كىم ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ. ھەزرىتى ئەلى ئېيتقانكى: "ئادەم — تىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ." ئادەم سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل، ھەر سۆزنى ئورنى كەلگەندە، ۋەقەلىككە مۇۋاپىق گۈزەل ئىبارە بىلەن سۆزلىگىن، قاتتىق سۆزلىمە، قوپال

سوزلىمە. گۈزەل، كوركەم سوزنىڭ سوزلىگۈچىگىمۇ پايدىسى بار؛ ئاڭلىغان كىشىنىڭمۇ دىلىغا ھوزۇر بېغىشلايدۇ. يامان سوزنىڭ سوزلىگۈچىگە زىيىنى بار، ئاڭلىغان كىشىگە ياقمايدۇ. مەسىلەن: ھىكايىدىتە بايان قىلىنىدۇكى، پادىشاھ ھارۇن رەشىد باغداتتا بىر كېچىسى چۈش كورۇپتۇ، چۈشىدە ئاغزىدىكى چىشلىرىنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ كەتكەنمىش. ئۇ بىر تەبىر ئالىمى چاقىرتىپ بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ.

— بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، — دەپتۇ تەبىرچى ئالىم، — بارلىق تۇققان - قېرىنداشلىرىڭىز سىزدىن ئىلگىرى ۋاپات بولىدۇ.

ھارۇن رەشىد بۇ ئالىمنىڭ تەبىرىدىن رەنجىپتۇ، تەبىرچىنى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا پەرمان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خىتاپ قىلىپ:

— ئەي سوز بىلمەس نادان! سەن كىم ئىدىڭ، مېنىڭ بۇ چۈشۈمگە قارىتا يۈزۈمدىن - يۈزۈمگە قوپاللىق بىلەن شۇنداق دەمسەن؟ قەۋم - قېرىنداشلىرىم مەندىن ئىلگىرى ئولۇپ كەتسە، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھالىم نىمە بولىدۇ، دۇنيادىن ماڭا نىمە لەززەت - راھەت كېلىدۇ؟ — دەپتۇ.

ئىككىنچى بىر تەبىر ئالىمى چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭغا ئوز چۈشىنى سوزلەپتۇ.

— ئەي خەلىپە، — دەپتۇ ئىككىنچى ئالىم، — بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، ھەزرەتلىرى بارلىق قەۋم - قېرىنداشلىرىدىن ئۇزۇن ئومۇر كورىدىكەنلا.

خەلىپە ھارۇن رەشىد بۇ ئالىمنىڭ سوزىنى خۇش كورۇپتۇ ۋە:

— "ئەقىلنىڭ يولى بىردۇر." ئىككى سوزنىڭ مەنىسى بىر، لېكىن ئىبارىلىرى باشقىدۇر، — دەپ ئىككىنچى تەبىر ئالىمغا يۈز ئالتۇن مۇكاپات بۇيرۇپتۇ.

بىرىنچى ئالىمنىڭ تەبىرىمۇ شۇ مەنادا ئىدى، ئەمما تۇپال ئىبارە بىلەن سوزلىگەچ، يۈز قامچا يېدى. ئىككىنچى ئالىم گۈزەل ئىبارە بىلەن بايان قىلىپ، يۈز ئالتۇن مۇكاپات ئالدى.

دىمەك، سوز بىلەن سوزنىڭ پەرقى بار.
ئەي ئوغۇل، سوزنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ، مەنىسىنى
بىلىپ سوزلە. بىر كىشى سوزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ سوزلە-
مىسە، تۇتى قۇشقا ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى، تۇتى قۇش ئا-
دەمگە ئوخشاش چىرايلىق، ئېنىق سوزلەيدۇ، ئەمما ئوزى سوز-
لىگەن سوزدىن خەۋەرسىز. بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمنى "سوز سوز-
لىدى" دېيىلىدۇ، "سوز بىلىدۇ" دېيىلمەيدۇ. سوزنى بىلىپ
سوزلىسە، ئاڭلىغانلار ئۇ سوزدىن بىرنەرسىنى بىلىۋالالايدۇ.
ئەگەر **بىلمەي** سوزلىسە، ئاڭلىغۇچى ئۇنىڭ سوزىدىن بىرنەرسە
پەملىيەلمىسە، سوزلىگۈچى ھايۋانغا ئوخشاش بولىدۇ. سوز — ئۇلۇغ،
شەرەپتۇر، سوزنى ئۇلۇغ بىلىشىڭ كېرەك. سوز شۇنىڭ ئۈ-
چۈن ئۇلۇغكى، ئىنساننىڭ كوڭلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئەزىز
نەرسىنىڭ ئورنى كەلگەندە بىلگىنىڭنى ئايىماي سوزلە، ئورنى
كەلمىگەندە ياخشى سوزۈڭنى زايە قىلما. مەناسىز سوزلەرنى
سوزلىمە، ئەقلىڭگە ۋە ئىلمىڭگە زىيان كەلمىسۇن. ھەرنەرسە
ئۈستىدە سوزلىسەڭ توغرا سوزلە، ئورۇنسىز دەۋا قىلما، پايدىلىق
سوزلەرنى قىلىشنى ئادەتلەن. ئەگەر بىر ئىلىمدىن خەۋىرىڭ
بولمىسا، ئۇ ئىلىمدىن پايدا ئۈمىت قىلما. بىلگىنىڭنى ئەمەلگە
ئاشۇرغىن. ئىران ۋەزىرى بۇزۇر جۇمھۇرنىڭ يېنىغا بىر ئايال
كېلىپ بىر مەسىلە سوراپتۇ. بۇزۇر جۇمھۇر خاپا بولۇپ: "بۇ
مەسىلىنى بىلمەيمەن، مەندىن سورىما" دەپتۇ. بۇ ئايال بۇزۇر
جۇمھۇرغا: "بۇ مەسىلىنى بىلمىسىڭىز پادىشانىڭ شۇنچە مائاشىنى
نىمە ئۈچۈن يەيسىز؟" دەپتۇ. بۇزۇر جۇمھۇر: "ماڭا بىلگىنىمگە ما-
ئاش بېرىدۇ، بىلمىگىنىم ئۈچۈن مائاش بەرمەيدۇ" دەپتۇ. مەز-
كۇر ئايالنىڭ مەسىلىسىگە جاۋاپ بەرمەپتۇ. ئەي ئوغۇل، كىشى-
نىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا مەسىلە سورىما. ئەگەر سې-
نىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىڭدا بىراۋ مەسىلە سورىسا، سوز-
گە قاراپ جاۋاپ بەر، ئەقلىڭ يەتمەس سوزنى سوزلىمە، كۆ-
چۈڭ يەتمەس ئىشقا ئېسىلما. ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىقنى كوزدە

تۇتۇش كېرەك. چۈنكى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھەدىسىدە: "ئىشـ
لارنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنى ياخشى" دېگەن ئىدى. ئەگەر بىر
ئىش قىلغاندا ياكى سۆزلىگەندە ئالدىراڭغۇلۇق، يەڭگىللىك قىلـ
ما، ئالدىراپ ئىش قىلما، ئالدىراپ سۆزلىمە، ئېغىر ـ بېسىق، سەۋـ
رىلىك بول. يوشۇرۇن ئىش بولسا، ئۇنى بىلىشتىن ساقلا پايـ
دا ـ زىيان بولمىسا، ئۇنى بىلىشكە ھەۋەس قىلما ۋە بىر جاماـ
ئەت ئىچىدە، بىر مەجلىستە يېنىڭدىكى كىشى بىلەن پىچىرلاپ
سۆزلەشمە. چۈنكى، ئادەملەر بىر ـ بىرىگە يامان گۇماندا[1] بوـ
لۇشتىن خالى ئەمەس. ياخشى گەپنى سۆزلىسەڭمۇ خەلق يامان
سۆزگە ئايلاندۇرۇپ گۇمان قىلىدۇ، "بۇ سۆزدە بىر سىر بار،
پىچىرلاپ سۆزلەشتى" دەيدۇ. جامائەت بار يەردە، مەجلىستە بىرـ
سىگە سۆزۈڭ بولسا، ئاشكارا سۆزلە، زۆرۈر بولمىسا، پىچىرلاپ
سۆزلىشىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق. ئەگەر بىرەر ئىش ئۈستىدە
كۈۋالىق بەرسەڭ، بىلگىنىڭچە توغرا كۈۋالىق بەر. يالغان كۈۋالىق
بەرمە، كۈۋالىق بەرگەندە بىر تەرەپنى قوللاپ كۈۋالىق بەرمە،
ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن راست، توغرا كۈۋالىق بەر. ئەگەر
بىرەر خەۋەر ئاڭلىساڭ، ياخشى ئاڭلا. ئاڭلا ـ ئاڭلىمايلا (چۈـ
شەنمەي) تۇرۇپ كىشىگە سۆزلىمە. سۆزلىشىدىغان سۆزۈڭ ئۈستىدە
ئاۋال پىكىر قىل، ئاندىن كېيىن سۆزلە، شۇنداقتا سۆزۈڭدىن
پۇشايمان قىلمىغايسەن. ئالدىراپ سۆزلەشتە پۇشايمان قىلىش
ئېھتىمالى بار. پايدىلىق سۆزنى سۆزلە، زىيانلىق سۆزنى سۆزلىمە.
ھەر تۈرلۈك سۆزنى ئاڭلىساڭ گوياكى ئاجىزلىقتىن كۈچلەنگەنـ
دەك ئاڭلىغىن. بۇ سۆزلەر مەيلى كىرەككە كەلسۇن ـ كەلمىسۇن،
جىنىڭ، تېنىڭ بىلەن ئاڭلا. چۈنكى، سۆز بىر سەدەپكە ئوخـ
شاش. ئۇ كوككۇل دەرياسىدىن چىقىدۇ. ئەگەر ھەر بىر سەدەپـ
نىڭ ئىچىدە ئىنجۇ (مەرۋايىت) بولمىسىمۇ، ئەمما ئىنجۇ بولۇش
ئېھتىمالى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر سەدەپكە دىققەت بىلەن
قاراش لازىم. يەنى كوپ سۆز ئارىسىدا پايدىلىق سۆز بولۇشى ئېھـ
تىمال. پايدىسىز سۆزنى سۆزلىمە. بىر ئىشنى بىلىدىغان كىشىگە

ئۇچرىساڭ، ئۆزەڭنى بىلمىسىز دەرىجىدە تۇت. چۈنكى، بىر بى-
لىم ئىگىسىگە يولۇققاندا "سەن بىلگەننى مەنمۇ بىلىمەن" دى-
سەڭ، 3 تۈرلۈك پايدىدىن مەھرۇم بولىسەن: بىر پايدىسى شۇ-
كى، ئەگەر مەن بىلمەيمەن دىسەڭ، بۇ بىلىملىك ئادەم ئۇ ئىش-
نى سەن بىلگەندەك ئىشلىسە، مەنمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش بىلىدىكەن-
مەن دەپ تەشەككۇر ئېيتىسەن. ئىككىنچى پايدىسى شۇكى، ئەگەر
سەندىن ئارتۇق ۋە ياخشىراق ئىشلىسە، ساڭا يېڭى بىر ئىلىم ھا-
سىل بولىدۇ، كەمچىلىكىڭ تۈزىتىلىدۇ. ئۈچىنچى پايدىسى شۇ-
كى، ئەگەر ئۇ ئىشنى سەندىن كەمرەك، ناچارراق ئىشلىسە،
سېنىڭ ئۇ كىشىدىن كامىلراق ئىكەنلىكىڭ ئاشكارا بولىدۇ. شۇ-
ڭا، بۇ پايدىلارنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر بىر سۆزنى
ئاڭلىساڭ، ئالدىراپ ئۇ سۆزنى مەناسىز دەپ ھىساپلاپ ئەيىپ
قىلما ياكى ياخشى سۆز دەپ ئالدىراپ ماختىما. ئۇ سۆزنىڭ
ئەيىۋىنى، پەزىلىتىنى تەتقىق قىل. ئەيىپلەشكە لايىقمۇ ياكى
مەدھىيىلەشكە لايىقمۇ، بىلىپ ھۆكۈم قىل، ھېكمەت (ئىلىم) دائى-
رىسىدىن چەتنەپ كەتمىگەيسەن. ھەر بىر سۆزۈڭنى خەلقنىڭ
ئىرادىسىگە قارشى سۆزلىمە. ئەگەر بىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدە بول-
ساڭ، سۆزۈڭنىڭ توغرىلىقى ئۈچۈن قانچىلىك دەلىل - پا-
كىت كەلتۈرسەڭمۇ سۆزۈڭنى ئاڭلىمىسا، قارشىلىق كۆرسىتىپ قو-
بۇل قىلمىسا، ئۇنداق شارائىتتا مەزكۇر گۇرۇھنىڭ ئىرادىسىگە
مۇۋاپىق سۆزلىشىڭ لازىم. شۇ يول بىلەن ئۇلار ئارىسىدىن جې-
نىڭنى قۇتقۇزغايسەن. ھەرقانچە سۆز ئەھلى (ناتىق) بولساڭمۇ،
ئۆز بىلگەنلىرىڭدىن ئۆزەڭنى تۆۋەن كۆرسەت. شۇندىلا سۆزۈڭ ئېتىۋارلىق
بولىدۇ. ئۆزەڭنى سۆزۈڭدىن ئۇلۇغ كۆرسەتمە، سۆزۈڭدىن ئۆ-
زەڭنى ئۇلۇغ كۆرسەتسەڭ سۆزۈڭ خار بولىدۇ. خەلق ئالتۇن،
گۆھەرنى ۋە يالغان تاشلارنى تونۇغۇچى سەرراپتۇر. ئۆزەڭنى
قانچىلىكى تۆۋەن تۇتساڭ ياكى يۇقۇرى تۇتساڭ، خەلق سېنىڭ
مىقدارىڭنى بىلىدۇ. مەسىلەن، بىرنەرسىنىڭ باھاسى مىڭ ئاق-
چا بولسا، دەسلەپتە بەش ئاقچىدىن باشلاپ باھا قويۇپ، ئارت-

تۈرۈپ ـ ئارتتۇرۇپ مىڭ ئاقچىغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر بىرنەرسە
بەش ئاقچىلىق بولسا، ئۇنى مىڭ ئاقچا دەپ باھا كورسەتسە،
ھېچكىم ئۇ نەرسىنى بەش ئاقچىدىن يۇقۇرى ئالمايدۇ. سوزنىڭ
مىقدارى، قىممىتىمۇ شۇنداق. لېكىن، ئۇمتىنىڭ ئېتىدىن چۈشۈپ
پىيادە قالما. ھەرقانداق يەردە بولساڭ كوپ ئاڭلىغۇچى، ئاز
سوزلىگۈچى بول. ئەقىل ئىگىلىرى: "سۈكۈتتە تۇرۇش، جىم تۇرۇش —
ئىككىنچى سالامەتلىكتۇر" دەيدۇ. چۈنكى، كوپ كىشىلەر سوز
سەۋىۋىدىن كېسەل بولىدۇ. ئاز سوزلەش — ئەقىللىقلىقنىڭ ئالامە-
تى، كوپ سوزلەش — نادانلىق (بىلمىسىزلىك) نىڭ ئالامىتى.
ئەگەر بىر نادان ئادەم جىم ئولتۇرىدىغان، ئاز سوزلەيدىغان
بولسا، خەلق ئۇنى ئەقىللىقلاردىن سانايدۇ. قانچىلىك ساپ كو-
ڭۈللۈك ۋە ئەقىللىق ئادەم دەپ خەلق ئىچىدە مەرۇپ ـ مەش-
ھۇر بولساڭمۇ، ئۆزەڭنى مەدھىيىلىگۈچى بولما، كىشى ئۆزى ئۈچۈن
گۇۋالىق بەرسە، گۇۋالىغى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئېتىۋارغا ئېلىنماي-
دۇ، سېنى خەلق مەدھىيىلىسۇن. سوز سوزلىمەكچى بولساڭ دىق-
قەت قىل، سوزۈڭگە خېرىدار بارمۇ ـ يوق؟ ئەگەر سوزۈڭنى
ئاڭلاپ قوبۇل قىلغۇچىلار بولسا، سوزلە. بولمىسا سوزلىمە، چۈن-
كى سوزۈڭدىكى خىتاپلىرىڭنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلغۇچى بىرمۇ
كىشى بولمىسا، سوز سوزلەش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: مەجلىس-
تە بىراۋ سوزلىسە ئاڭلاپ ئولتۇرغىن، ئۇ كىشى سوزىنى تۈگەت-
كەندىن كېيىن ئاندىن سەن سوزلە. سوز قوشۇپ كىشىنىڭ سو-
زىنى ئۈزۈۋەتمە. ئادەم بىلەن ئادەم بول، مەرت كىشى بىلەن
مەرت بول. دۇنيادا ئادەم كوپ، مەرت كىشى ئاز. ئەي ئوغۇل،
سوز ئاڭلاشتىن زېرىكمە. سوز ئاڭلاش بىلەن سوزگە ئۇستا بول-
غىلى بولىدۇ. مىسالى شۇكى، بىر بالا ئانىسىدىن توغۇلۇپلا بىر
چەت سەھرا ياكى يەر ئاستىدا، ئادەم يوق يەردە تۇرسا، ئا-
دەم ۋە ئانىسى بىلەن، شۇ بالىنى تەربىيىلىگۈچى تەربى-
يىچى بىلەن سوزلەشمەي تەربىيىلەنسە، ئۇ بالا چوڭ بولغاندا
تىلسىز بولىدۇ، ھېچ سوز بىلمەيدۇ. ئەمما كىچىك ئىككى بالىنىڭ

تىلى چىقىشتىن بۇرۇن بىر يەردە ئوسسە، باشقا ئادەمگە ئارلاشمىسا، ھېچ بىر ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىسا، ئۇ بالىلار بىربىرى بىلەن سۆزلىشىۋەرسە، ئاخىرى ئۆزلىرىگە خاس بىر تىل تۈزۈشىدۇ، ئۇ تىلنى بۇ ئىككى بالىدىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ. ئەي ئوغۇل، خەلقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلغىن. خۇسۇسەن قەدىمقى ئۆتكەن پادىشالار ۋە ھۆكۈما - پەيلاسوپلارنىڭ سۆزىنى جان - دىلىڭ بىلەن ئاڭلىشىڭ كېرەك. بىلگىنكى، نۇشىرۋان ئادىلنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كېلىپ بۇ كىتاپتا بايان قىلدىم، سەن ئۇ سۆزلەرنى ئوقۇغايسەن ۋە نەسىھەت دەپ بىلىپ، لازىم بولغاندا پايدىلانغايسەن. ئەي ئوغۇل، مەن تارىخ كىتابلىرىدا كوردۇمكى، ئەرەپ سۇلالىسىدىن مەمۇن خەلىپە نۇشىرۋاننىڭ تەربىيىسىنى كورۇشنى ئارزۇ قىلىپ، نۇشىرۋاننىڭ قەۋرىسى ئۈستىگە بېرىپ، قەۋرىنى ئاچتۇرۇپتۇ. نۇشىرۋاننىڭ پۈتۈن تېنى توپىراققا ئايلانغان ئىكەن. بۇ توپىراققا ئايلانغان تەن تەخت ئۈستىدە ياتقىدەك. ئۇ، تەخت ئۈستىدە بىر خەت كورۇپتۇ. خەت پارس تىلىدا يېزىلغان ئىكەن. مەمۇن خەلىپە خەتنى ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. خەتنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى: "ئەي زامانە پادىشالىرى، بىلىشىڭ لازىمكى، سەندىن ئىلگىرى مەن پادىشا ئىدىم. تەڭرىنىڭ بارلىق بەندىلىرى مېنىڭ ئادالەتىمدىن پايدىلاندى. ھەركىم ئىشىكىمگە كەلسە، شەپقىتىمدىن مەھرۇم بولمىدى. قاچانكى ئەجەل قولىدا مېنىڭ ئاجىزلىق ۋاقتىم كەلدى. "مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ دۇنيا خەلقىگە پايدام يەتسە ئىدى" دەپ كېچە - كۈندۈز ئويلىدىم. ئاخىرى بۇ تامغا بىرنەچچە نەسىھەت يازدۇرۇپ قويۇشتىن باشقا چارەم بولمىدى. مەندىن كېيىنكى بىر پادىشا بۇ نەسىھەتلەرنى كورۇپ ئەمەل قىلسا، ئۇ پادىشا مەندىن بەھرىمەن بولۇپ پايدىلىنار. چۈنكى، تىرىك ۋاقتىمدا ئىشىكىمىزگە كەلگەن كىشى گوھەر، ئالتۇن، مال - مۈلكىمىزدىن مەھرۇم بولماس ئىدى. بۈگۈن زىيارىتىمگە كەلگەن كىشى ھەم نەسىھىتىمىز گەۋھىرىدىن مەھرۇم بولمىغاي.

# ئوتتۇزىنچى باپ. نۇشىرۋاننىڭ ۋەسىيەت - نەسىھەتلىرى ھەققىدە

نۇشىرۋان — پادىشا ئىدى. ئۇ، ئۆز ۋەسىيىتىدە شۇنداق دېگەن: كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، كېچە - كۈندۈز بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارىدۇ. ئادەم بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگىرىشكە دۇچكەلگەندە خاپا بولۇپ كۆڭۈلسىز بولمىغاي. يەنى شاتلىق كېتىپ قايغۇ كەلسە، قايغۇ كېتىپ شاتلىق كەلسە، ئۇنىڭغا ئېتىۋار قىلما. ھۈنەرسىز (پەزىلەتسىز، بىلىمسىز) ئادەمنى دوست تۇتما. بۇنداق كىشى دوستلۇققا ۋە دۇشمەنلىككە يارىماس. ھەرقاچان بىر ئىشنى بىر قېتىم ئىشلەپ سەسكەنسەڭ، ئۇ ئىشنى قىلما. ئۆزى بىرنەرسە بىلمەي ئۆزىنى بىلىملىك ھىساپلايدىغان ئادەمدىن ساقلان. ئۆز نەپسىڭگە ئادىللىق قىل، يەنى ئۆزەڭنى قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلما. توغرا - ھەق سۆز ئاچچىق بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ھەق - توغرا سۆزلە. ئەگەر دۈشمەن ئىچكى سىرىمنى بىلمىسۇن دېسەڭ، دوستۇڭغا سىرىڭنى ئېيتما. ئۇلۇغ كىشىلەرنى پەس كۆرمە. ھۈنەر - پەزىلەتسىز ئادەملەرنى تىرىك ھىساپلىما، ئۇلارنى ئۆلۈك دەپ بىل. ئەگەر تۇرمۇش مەئىشىتىمدە تارلىق - قىسىلىش بولمىسۇن دېسەڭ، ئىشلىگەن ئىشىڭنى ئىگىسىگە يارىتىشقا تىرىش. ئەگەر قايغۇلۇق بولماي دېسەڭ، پايدىسىز ئالدى - ساتتى قىلما. يەنى ئالدىن پايدا - زىياننى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، پايدىلىق بولسا، ئال ۋە سات. ھىممەتسىز كىشىنىڭ نېنىنى يېگەندىن ئاچ يۈرگەن ياخشى. تەجرىبە - سىناقتىن ئۆتمىگەن ئادەم مىڭ تۈرلۈك خەيرىخاھلىق قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمە، تايانما. ئۆزەڭدىن تۆۋەن ئادەمگە مۇھتاج بولماقتىن قىيىن ئىش يوقتۇر. دۇنيا خەلقى ئارىسىدا پاسىق، كەمتەر ئادەم — تە-

كەببۇر زاھىدتىنمۇ ياخشىراقتۇر. كېلىچەكتىكى غايىپ نازى - نې-
مەتلەرگە ئىشىنىپ، قولۇڭدىكى نەق نېمەتنى بېرىۋېتىش غايەت
زىيانلىقتۇر. ئەمما، توغرا ئىشلاردا شۇنداق قاراش كېرەك، ھا-
رام نەرسىلەرنى بېرىپ، كېلىچەكتىكى ھالال نەرسىلەرنىڭ ئۈمى-
دى بىلەن بولغاندا، ھارامدىن نەچچە باراۋەر ھالال نەرسە قولغا
كېلىدۇ. بىر كىشىدىن بىر ھاجەت تىلىسەڭ، ئۇ ھاجەتنى راۋا
قىلىش قولىدىن كېلىدىغان ئىمكانىيىتى تۇرۇقلۇق ھاجىتىڭنى
ئادا قىلمىسا، مۇنداق ئادەمدىن خەسىس - پەسكەش ئادەم بول-
ماس. بىراۋ سېنىڭ ئالدىڭدا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، ئارقاڭدىن
يامان دەپ يۈرسە، ئۇنىڭدىن مۇناپىقراق يەنە كىم بار؟ بىر ئا-
دەمنى جەمئىيەت ئەدەپكە ئۈگەتمىسە، سەن ئۇنى ئەدەپكە ئۈ-
گىتىمەن دەپ مۇشەققەت چەكمە، مۇشەققىتىڭ زايا بولىدۇ. يەنى
بىر ئادەم دۇنيادا تۇرۇپ ياخشى - يامانىنى كورۇپ، ئۆزى ئىب-
رەتلەنمىسە، ئۇنى تەرتىپكە كىرگۈزۈش مۇشكۇل. نادان ئادەمنى
ياخشى سوز بىلەن ياخشىلىققا ئۈگىتىمەن دەپ ئاۋارە بولما.
چۈنكى، دانالار ئېيتقانكى: "نادان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆزى
قىلغان ئىشنى ئەقىللىق ئادەم دۈشمىنىگىمۇ قىلمايدۇ." ئەگەر
خەلق سېنى ياخشى ئىشلىرىڭ بىلەن ياد ئەتسە، مەدھىيىلىسە،
سەن كىشىنىڭ يامانلىقىنى سوزلىمە. ئەگەر دوستلىرىم، يولداش-
لىرىم كوپ بولسۇن دىسەڭ، ئاداۋەت تۇتما. ئەگەر دۇنيادا زەخ-
مەت (جاپا) چەكمەي دىسەڭ ۋە ئىنسانىي ئومۇر كەچۈرەي دى-
سەڭ، ئۆز ئىشىڭ بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارى-
لاشما. ئەگەر خەلق مېنى ساراڭ دىمىسۇن دىسەڭ، ھاسىل بول-
مايدىغان نەرسىنى ئىزلىمە. ئەگەر ھورمەت - ئابرويۇم توكۈلمى-
سۇن دىسەڭ، ھايانى ئوزەڭگە كەسىپ قىل. ئەگەر ئالدانمايمەن
دىسەڭ، تەجرىبە قىلىنغان ئىشنى تاشلاپ، تەجرىبە قىلىنمىغان
ئىشلارغا قول تىقما. ئەگەر ھورمەت پەردەم يىرتىلمىسۇن
ۋە خەلق مېنى خارلىمىسۇن دىسەڭ، قول ئاستىڭدىكىلەرنى توغ-
را، پاك تەربىيىلىگىن. ئەگەر پۇشايمانغا دۇچار بولۇشتىن خاتىر-

جەم بولاي دىسەڭ، نەپسىڭگە ئەگىشىپ خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى
قىلىشقا كىرىشمە. ئەگەر زىرەك ئادەملەر جۈملىسىدىن بولاي
دىسەڭ، ئۆزەڭنى باشقىلارنىڭ ئەينىگىدە كورۈپ باق، يەنى بى-
راۋنىڭ ھەركىتىگە قاراپ ياخشى - يامانلىقىنى كورۈپ، يامان
ئىش بولسا ئۇنى قىلىشتىن ساقلان، ئۆزەڭدە بولسا، دەرھال
تۈزەت. ئەگەر ياخشى ئىش بولسا، سەن ئۇ ئىشلارنى قىلغان
بولساڭ، ياخشىلىقىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، ئەگەر يامان ئىش بول-
دىكەن، ئۇنى سەن قىلما. ئەگەر خەۋپسىز بولاي دىسەڭ، خەلق
بىلەن چېكىشمە، يەنى نىزالاشما ۋە خەلقنى رەنجىتكۈچى بول-
ما. ئەگەر خەلق ئىچىدە ھورمەتلىك بولاي دىسەڭ، ئۆزەڭ
خەلقنىڭ ھورمىتىنى ساقلا. ئەگەر خەلق مىنىڭ سوزۈم بىلەن
ئىش قىلسۇن دىسەڭ، ئاۋال ئۆزەڭنىڭ سوزىگە ئۆزەڭ ئەمەل قىل.
ئەگەر كامالەتلىك كىشىلەردىن بولاي دىسەڭ، كامالەتنىڭ نۇر-
نى (تەنتەنىسىنى) كورسەتمىگەنلەردىن ئۆز سىرىڭنى يوشۇر.
ئەگەر خەلق ئارىسىدا ھەممىدىن ئۇلۇغ بولاي دىسەڭ، نىمىتىڭ-
نى مول قىل، نان - تۇز ھەققى ئۈچۈن ئىسمىڭ ئۇلۇغ بول-
دۇ. ئەگەر مەرت بولاي دىسەڭ، كىشىدىن تاما قىلما، كوڭلۈڭ-
دىن تامانى چىقىرىۋەت. ئەگەر بىراۋدىن قەرز ئالساڭ، شەك -
شۈبھىسىز ئۇ ئادەمگە قۇل بولىسەن. ئەگەر ئادالەتلىك قىلغۇ-
چىلاردىن بولاي دىسەڭ، قول ئاستىڭدىكىلەرنى ئوبدان تۇت،
باشقىلارنىڭ زۇلمىدىن ئۇلارنى ساقلا، ھىمايە قىل. ئەگەر ئاۋام
خەلقنىڭ ۋە نادانلارنىڭ تەنىسىدىن قۇتۇلاي دىسەڭ، ئۇلارنىڭ
قىلمىشلىرىغا تەئەرۇز قىلما. ئەگەر يېتىشكەن كىشىلەردىن بولاي
دىسەڭ، ئۆزەڭگە لايىق كەلمىگەن ئىشنى خەلققىمۇ لايىق دەپ
قارىما. ئەگەر كوڭلۈمگە ئازار - زەخمەت يەتمىسۇن دىسەڭ، نا-
دانلار بىلەن جىدەللەشمە. ئەگەر خەلقنىڭ سۆيۈملۈكى بولاي
دىسەڭ، قولۇڭدىن كەلگەن ياخشىلىقنى خەلقتىن ئايىما. ئەگەر
زىيان ۋە زىيانداشتىن يىراق بولاي دىسەڭ، قولۇڭنى قىسقا
تۇت (خەلققە زىيان يەتكۈزمە).

نۇشىرۋان ئادىلنىڭ نەسىھەتلىرى شۇ يەردە تامام بولىدى. ئەي ئوغۇل، بۇ نەسىھەتلەرنى خار، ئاددى كۆرمە. بۇ سۆزلەردىن ھېكمەت پۇرىقى كېلىدۇ، سەلتەنەت خۇش پۇرىقى پۇرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى پەيلاسوپلار، ئالىملارنىڭ سۆزى دەپ ئېتىقات قىل، ياشلىقىڭدا بۇ سۆزلەرنى ئۆزلەشتۈرسەڭ، قېرىلىق چاغلىرىڭدا تەشۋىشكە قالمايسەن.

## بەشىنچى باپ. يىگىتلىك ۋە قېرىلىق ھاللىرى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، گەرچە يىگىت بولساڭمۇ، قېرىلارچە ئەقىللىق بول. بۇ، يىگىتلىكنى تاشلا دېگىنىم ئەمەس، بەلكى ئۆز - ئۆزەڭنى خۇش تۇت، نادان بولما، ناچار - يامان تەبىئەتلىك بولما. يىگىتلىك ۋاقتىدا ئادەمدە بىر خىل ساراڭلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئەرەستالىس ھېكىم: "ياشلىق — ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرى" دېگەن ئىدى، ئەقلىڭدىن ئېزىپ نادان يىگىتلەر جۈملىسىدىن بولما. چۈنكى بالايى - ئاپەت نادانلىقتىن كېلىدۇ. ئۆمرۈڭنىڭ لەززىتىنى يىگىتلىكتە كۆرگىن. قېرىغاندا بۇ لەززەت تېپىلمايدۇ، گەرچە تاپساڭمۇ يىگىتلىك چاغدىكىدەك بولمايدۇ. ئەي يىگىت، تەۋپىق (توغرا يول) ئىزلە، ئەجەلنى ئۇنتۇپ قالما، ئەجەل ھەركىمگە كېلىدۇ، ئەجەل ياشقا قارىمايدۇ. ھەركىم ئانىدىن تۇغۇلدى، ئەلۋەتتە ئۆلسە كېرەك. شۇنداق ھېكايە قىلىنىپتۇكى، باغدات شەھىرىدە بىر ياماقچى بار ئىكەن. ئۇنىڭ دۇكىنى قەۋرىستانغا يېقىن ئىكەن. دۇكانغا بىر خالتا ئېسىپ قويۇپ، ھەرقاچان خەلق بىر مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ كەلسە، خالتىغا بىر تاش سالىدىكەن. ھەر ئايدا بىر قېتىم خالتىدىكى تاشلارنى ساناپ، بۇ ئايدا باغدات شەھىرىدە نەچچە ئادەم ئۆلگەنلىكىنى ھېساپلاپ كۆرىدىكەن. ئاخىرى ياماقچى ۋاپات بوپتۇ. بىر

كىشىنىڭ ياماقچىغا ھاجىتى چۈشۈپ دۇكانغا كەلسە، دۇكان ئېتىكلىك تۇرغىدەك. ئۇ:

— ياماقچى قەيەرگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ خوشنىسىدىن.

— ياماقچى خالتىغا كىردى، — دەپتۇ خوشنىسى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — سوراپتۇ ئۇ كىشى.

— بۇ دېگىنىم، — دەپتۇ خوشنىسى، — ياماقچى ھەر بىر ئۆلۈك ئۈچۈن خالتىغا بىر تاش سېلىپ، ھەر ئايدا باغدات شەھىرىدە قانچە ئادەم ئۆلگىنىنى ھېساپلاپ تۇراتتى، ئەمدى، ئۇنىڭ ھېساپ تاشلىرى ئەجەل خالتىسىغا كىردى (ۋاپات بولدى).

ئەي ئوغۇل، غاپىل (بىپەرۋا) بولما، يىگىتلىكىڭگە ئالدانما، ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاتائالانى ئۇنتۇما. تەڭرىنى كۆپ ياد ئەتسەڭ گۇنادىن خالاس بولىسەن. ھەرقانداق ھالەتتە ئەجەلنى يېقىن بىل. گۇنا يۈكلىرىنى بويىنۇڭغا يۈكلىمە. گۇنا ئىچىدە قالساڭ، باغداتتىكى ياماقچىدەك بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئەجەل خالتىسىغا كىرىسەن. كۆپرەك قېرى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكىن. يىگىتلەر بىلەن كۆپ سۆھبەتلەشمە، ھەتتا يىگىتلەر بىلەن بولغان سۆھبىتىڭدىمۇ قېرىلار بىللە بولسۇن. چۈنكى، يىگىتلەر يىگىتلىك ۋاقتىدا ئىچىملىك ئىچمەي مەس ھالدا يۈرىدۇ. ئۇلار شاراپسىز مەسلىك، غاپىللىق، مەغرۇرلۇق بىلەن بىر خاتا سۆز قىلسا، قېرىلار ئۇنى مەنئى قىلىدۇ، نەسىھەت قىلىدۇ، قېرىلار يىگىتلەردىن كۆپرەك بىلىدۇ. ھالبۇكى، يىگىتلەردە ئۆز بىلىمىنى قېرىلاردىن ئارتۇقراق بىلىدىغان بىر ئادەت بار. قېرىلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ياشلار قېرىلاردىن كۆپ بىلمەيدۇ. ئەي ئوغلۇم، تامامەن ئۆزىنى يوقىتىپ، ئەخلاق دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن يىگىتلەر جۈملىسىدىن بولما. قېرىلارنى ھۆرمەت قىل، قېرىلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقاندا يادىڭغا كەلگەننى سۆزلىمە، قېرىلار سۆز سورىسا، ئويلىماي دەرھاللا جاۋاپ بەرمە. ئەگەر قېرىلار سوئال سورىسا، ئەدەپ شۇكى، سەن جاۋاپ بەرمەي، بۇ سوئالنىڭ جاۋاۋىنى

ئۆزلىرى بىلىلا، دىگىن، چۈنكى، قېرىلارنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇرۇش — ئەقىلدىندۇر. ئەگەر ئالدىراپ سوزلەپ جاۋاپ بەرسەڭ، كېيىن خىجىل بولىسەن.

**ھىكايەت:** بىر شەھەردە يۈز ياشقا كىرگەن، چىرايى ئۆزگەرگەن، بېلى پۈكۈلگەن بىر كىشى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قېرى كىشى مۈكچىيىپ كېتىۋاتسا، بىر يىگىت ئۇنى كورۇپ چاخچاق تەرىقىسىدە سوراپتۇ:

— ئەي بوۋا، ھاسىنى قانچە پۇلغا ئالدىڭىز، قەيەردە ساتىدىكەن؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، مەنمۇ بىرنى ئالاي.

يىگىتنىڭ مەقسىدى قېرى كىشىنىڭ پۈكۈلگەن بېلىنى مەسخىرە قىلماقچى ئىكەن.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ قېرى كىشى دەرھاللا، — ئەگەر ئومرۇڭ ئۇزۇن بولسا، ساڭا بۇ ھاسىنى بىكارغا بېرىدۇ، سېتىۋېلىشىڭ ھاجەت ئەمەس، لېكىن، بۇ ھاسا ساڭا نېسىپ بولماس (ياشلىقىڭدا ئولەرسەن).

يىگىت ناھايىتى ئۇيىتىپتۇ. بۇنداق خاتا سوز سوزلىگىنىگە پۇشايمان قىپتۇ. بۇ سوز خەلق ئارىسىدا يادىكار بولۇپ قاپتۇ.

بىلىش كېرەككى، قېرىلارنىڭ مەرىپىتى ياشلارنىڭ مەرىپىتىدىن ئارتۇقراقتۇر. بۇ يەردە ئېيتىلغان "قېرى" — قېرى ئالىم، دانا قېرىلارنى كورسىتىدۇ. ئومرىنى ئىلىم-مەرىپەت يولىدا، ئۇلۇغ ئالىملار سوھبىتىدە ئوتكۈزگەن ئالىم-مەرىپەتلىك قېرىلاردۇر. نادان، ئومرىنى نادانلىقتا ئوتكۈزگەن قېرىلار بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، نادان قېرىلارنى مەدھىيىلەشكە بولمايدۇ (ئەرزىمەيدۇ). ئەگەر مەرىپەتلىك، ئالىم يىگىت بولسا، نادان قېرىدىن ئارتۇق ۋە ئۇلۇغدۇر. يىگىتلىك ۋاقتىڭدا مەرىپەتلىك قېرىلارغا ئەگەشكىن. قېرىغىنىڭدا يىگىتلەردىن ئوزەڭنى قاچۇرمىغايسەن. يىگىتلىك چاغلار ئوتۇپ قېرىلىق ۋاقتى كەلسە، يىگىتلىك ۋاقتىڭدىكى گۈزەللىك، خوشاللىق، شوخلۇقنى ئۈمىت

قىلما، ياشلىقنى ھەۋەس قىلما. قېرىلىقتا يىگىتلىك ھەۋەس قىلىدىغان كىشىنىڭ ھالى كېمە ئۈستىگە ساراي بىنا قىلغان كىشىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ ياكى قېرى كىشىنىڭ يىگىتلىك قىلغىنى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ قاچقان قوشۇننىڭ قېچىپ كېتىۋېتىپ كاناي چالغىنىغا ئوخشاشتۇر. ياسانچۇق قېرىلار جۈملىسىدىن بولمىغىن، ناپاك، پاسىق قېرىلاردىن قورققىن. يىگىتلەردىن قېرىلارنىڭ قەدىردان، ۋاپادارلىقى ئۇلۇغراقتۇر. چۈنكى، يىگىتلەر قېرىلىقتىن ئۈمىت كۈتىدۇ. ئەمما قېرىلارنىڭ ئۆلۈمدىن باشقا ئۈمىتلىرى بولمايدۇ. بۇ ھال شۇنىڭغا ئوخشاشكى، زىرائەت پىشىپ ئاقارسا، ئۇنى دېخان ئورىدۇ. ئەگەر دېخان ئورمىسا، توكۇلۇپ كېتىدۇ. مېۋە پىشقاندىن كېيىن دەرەخ ئۈستىدە تۇرمايدۇ، توكۇلىدۇ. بىر شائىر ئېيتقانكى:

ئاي، كۈن ئۈستىدە گەر پايتەختىڭ بولسىمۇ،
ئالەمدە سۇلايماندەك بەختىڭ بولسىمۇ،
تاشلار تۈگەنسە ئۆمىر، رەخشىڭ بولسىمۇ،
پىشقان مېۋىسىن تاشلار دەرەختىڭ بولسىمۇ.

**ھىكايەت:** قىر - داللاردا ياشايدىغان بىر تۈركنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولۇپ، بۇ ئىككى بالا يېتىم قاپتۇ. سەھرادا تۇرماي، شەھەرگە كەپتۇ. بۇلار كەلگەن شەھەر دەريا بويىدا ئىكەن. چوڭ ئوغۇل شەھەرمۇ - شەھەر كېزىپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا ھەۋەس قىلىدىكەن. بىرقانچە زامان شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، ئاخىرى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىنى كۆرۈش ئۈچۈن قايتىپ كەپتۇ. ئىنىسىنىڭ شەھەردە سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، چوڭ سودىگەرلەردىن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شەھەردە ئىنىسى ھەيۋەتلىك سارايلارنى بىنا قىلدۇرغان ئىكەن. چوڭ ئوغۇل ئۆز - ئۆزى بىلەن كېڭەش قىلىپ: "ئىنىم ھەيۋەتلىك سارايلارنى بىنا قىلدۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇ باش-

قا شەھەرلەرگە كېتىشنى ئىختىيار قىلسا، بۇ سارايلارنى بىللە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. مەن بىر كېمە ئۈستىگە ساراي بىنا قىلدۇراي، قەيەرگە كەتسەم ئېلىپ كېتىش مۇمكىن بولسۇن ۋە مۇنداق سارايلىرىمنىڭ بارلىغىنى ھەممە ئادەم كۆرسۇن، شۆھرىتىم ئالەمگە تارقالسۇن، دەپتۇ. ئۇ كېمىسىنىڭ مۇنداق زور بىناسى كۆتىرەلمەيدىغانلىغىنى بىلمەپتۇ، ئاخىرى ئۇ كېمە ئۈستىگە ئوي-ساراي بىنا قىلدۇرۇپتۇ. بىنا پۈتكەندىن كېيىن دەريا تەرەپكە راۋان بوپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، كېمە سۇغا چۆكۈپ غەرق بوپتۇ. ئىچىدىكى بارلىق مال-مۈلۈك، نەرسە-كېرەكلەر قولدىن كېتىپتۇ.

ئەي ئوغۇل، يىگىت ئىكەنسەن، يىگىت بول، قېرىغاندا قېرىلارچە ھەركەت قىل. قېرىلىقتا يىگىتلىك زەۋق، ئەيش-ئىشرەتلىرىگە ھەۋەس قىلما. قېرىغاندا پەرھىزكارلىقنى ئاشۇرغىن
ئەي ئوغۇل، قېرىلىقتىن، يىگىتلىكتىن شىكايەت قىلدىم. بۇ سۆزلەرنى قوبۇل قىلغايسەن، ئوغۇللىرىڭغا، ئوغلۇڭنىڭ ئوغلى (نەۋرىلىرىڭ) گە نەسىھەت قىلغايسەن.

ئەي ئوغۇل، قېرىغاندا بىر يەردە تۇرغىن، چۈنكى، قېرىلىقتا سەپەر قىلىش — ئەقلى بار كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس. خۇسۇسەن قېرىلىقتا كەمبەغەل بولساڭ سەپەر قىلما. ئىككى دۈشمەن بىلەن يولغا چىقماق خاتا: قېرىلىق ساڭا بىر دۈشمەن بولسا، كەمبەغەللىك ئىككىنچى بىر دۈشمەن. ئەگەر زورۇرىيەت تۇغۇلۇپ، ئىككىنچى بىر يۇرت-دىيارغا كەتسەڭ، ئۇ يەردە مەئىشەتىڭ كەڭ-پاراۋان بولسا، قايتا ئۆز يۇرت-شەھرىڭگە قايتما. چۈنكى، كىشىنىڭ مەئىشىتى قەيەردە ياخشى بولسا، شۇ يەردە تۇرۇش ياخشىراق، شۇ يەردە تۇرۇش لازىم. "تۇغۇلغان يېرىمدە ئۆلىمەن" دېيىش ھاجەتسىز. گەرچە ۋەتەن ئىككىنچى ئانا دېيىلسىمۇ ياكى ۋەتەننى سۆيمەك ئىمان جۈملىسىدىن دېيىلسىمۇ، بەختىڭ قەيەردە ئېچىلسا، شۇ يەردە ۋەتەن تۇت. كۆرمىدىڭمۇ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇغۇلغان، لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرى

مەدىنىدە غەلىبىگە ئېرىشتى، مەككىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنمۇ مەدىنىدە تۇردى. سەنمۇ پايدىلىق ئىش تاپقان يەردىن ئايرىلمىغايسەن. چۈنكى، تۇرمۇش مەئىشىتىڭ ياخشى ئۆتكەن يەرنى تاشلاپ كەتسەڭ ناشۈكۈرلىك بولىدۇ. بىر ياخشى نەرسىگە ئېرىشسەڭ، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى تاپىمەن، دەپ قولۇڭدىكىدىن ئايرىلىپ قالمىغايسەن. ئەي ئوغلۇم، ئۆمرۈڭنى تەربىيەسىز ئۆتكۈزمە. شۇ چاغدىلا دوست - دۈشمىنىڭگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىسەن. قىممەتلىك ئۆمرۈڭنى ھاۋايى - ھەۋەس بىلەن زايا قىلما.

## ئالتىنچى باپ. يېمەك - ئىچمەك ئەدەپلىرى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، خەلق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، خاس كىشىلەر يەنە بىرى، ئامما. مەجبۇرىيەت - تەكلىپ خاس كىشىلەرگە بولىدۇ. چۈنكى، ئاممىنىڭ ئىشلىرىدا تەرتىپ، تەكەللۇپ ئاز ياكى يوقتۇر. ئاۋام (ئامما) جۈملىسىدىن بولغان كىشى قىلىدىغان ئىشلىرىغا ۋاقىت بەلگىلىمەي، قاچان بولسا شۇ ۋاقىتتا ئىشلەيدۇ. خاسلار جۈملىسىدىن بولغان كىشى كېچە - كۈندۈز 24 سائەت ئىچىدە ھەر بىر ئىش ئۈچۈن بىر ۋاقىت بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. ھەر بىر ئىش رەت - رىتى بىلەن ئايرىم - ئايرىم بولىدۇ. ھەممە ئىشنىڭ بېشى يېمەكلىكتۇر. يەنە بىلىشىڭ لازىمكى، خاس كىشىلەر ۋە ئاۋام كىشىلەر 3 تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، بازار ئەھلى ۋە ئېلىم - سېتىم ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار. مۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپرەكى ئاش - غىزانى ئاخشامدا يەيدۇ. مۇنداق ئاخشامدا تاماق يېيىش زىيانلىقتۇر. چۈنكى، تاماقنى يەيدۇ، ھەزىم قىلىنماستىن بۇرۇن ئۇخلايدۇ. خەلقنىڭ يەنە بىر تۈرلۈكى ئەسكەر ئەھلىدۇر. بۇلارنىڭ ئادىتى قاچان تاماق يېيىش توغرا كەلسە،

شۇ چاغدا يەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار كوپىرەك سەپەردە بولۇپ، نەدە تاماق ئۇچرىسا شۇ يەردە يىمەي بولمايدۇ. ئەمما، خاسلارنىڭ ئادىتى بىر كېچە - كۈندۈزدە بىر قېتىم تاماق يېيىش. بۇ ئادەت — سالامەتلىكنى ئۈستىگەنلەرنىڭ ئادىتىدۇر. لېكىن، مۇنداق تاماقلىنىش — بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. كۈچ - قۇۋۋەتنى كېمەيتىدۇ.

ئەي ئوغۇل، تاماقلىنىشتا ياخشى تەرتىپ شۇكى، ئەتىگەندە سەپرانى دەپئى قىلغۇدەك ئازراق تاماق يەپ ئىشقا مەشغۇل بولۇش لازىم. تاكى پېشىن (چۈش) ۋاقتى بولغاندا تاماقلىنىش لازىم. يىگەن تاماق ھەزىم قىلغىدەك بولسۇن، ھەزىم قىلالمايدىغان دەرىجىدە كوپ يىمەسلىك كېرەك. ئەگەر بىرقانچە كىشى ياكى كوپ كىشلەر بىلەن بىللە تاماق يىيىش توغرا كەلسە، كوپچىلىك كىشلەر تاماققا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى تاماققا ئولتۇرما. ئەگەر ئويۇڭدە مېھمان قوبۇل قىلساڭ، تاماق يەيدىغان مېھمانلار كېلىپ داستىخانغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى تاماقنى داستىخانغا ئەكىلىپ قويما. تاماق يىگەندە ئالدىرىماي، ئاستا - ئاستا يىيىشنى ئادەت قىل. تاماق يىگەندە بېشىڭنى توۋەن تۇتقىن. كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە قولىغا ئالغان، ئاغزىغا سالغان لوقمىسىغا كوز سالما. كىشىنىڭ قولىدىكى لوقمىسىغا قاراش ناھايىتى چوڭ ئەيىپتۇر.

**ھىكايەت:** ساھىپ كاپى دىگەن بىر پادىشا ئوتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشا بىر كۈنى ئوزىنىڭ كاتىپ - خادىملىرى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، بىرسىنىڭ قوشۇغىدا بىر تال قىل تۇرغانلىقىنى كورۇپتۇ ۋە ئۇ كىشىگە: "قوشۇغۇڭدا بىر تال قىل بار، ئېلىپ تاشلىۋەت" دەپتۇ. ئۇ كىشى قوشۇغىنى قويۇپ تاماق يىمەستىن ئورنىدىن قوپۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، مەجلىس ئەھلى پەرىشان بوپتۇ. ئۇ كىشىنى پادىشا چاقىرتىپ: "نىمە ئۇچۈن تاماق يىمەي كەتتىڭ؟" دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: "قولۇمغا

ئالغان لوقمىدا بىر تال قىلنى كورۇپ تۇرغان كىشىنىڭ تائا-
مىنى قانداق يېيىشكە بولسۇن“ دەپتۇ. پادىشا بۇ سوزنى ئاڭلاپ
خىجىل بوپتۇ.

دىمەك، تاماق يېگەندە ئوز ھالىڭ بىلەن بول. باشقىلارنىڭ
لوقمىسىغا قارىما، كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالما. تۇرلۇك
تاماق ھازىرلانسا، بىر-بىردىن يېيىش لازىم بولسا، بىر تۇر-
لۇك تائامنى خەلق يەپ بولۇپ توختىشىغا يەنە بىر خىل غىزا-
نى ئالدىراپ ئىلىۋەت دىمە، ئۇ تائام داستىخاندا بىر ئاز تۇر-
سۇن، ئاندىن كېيىن ئىككىنچى تۇرلۇك تائامنى ئىلىپ كېلىش
كېرەك. چۈنكى، بەزىلەرنىڭ بىرىنچى خىل تائامغا ئىشتىھاسى
بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى تائام تەبىتىگە ياقمايدىغان بولسا،
يېيەلمەي ئاچ قالمىسۇن. تاماقنى بەزى ئادەملەر تېز، بەزى
ئادەملەر ئاستا يەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاماقنى تېز ئىلى-
ۋېتىش ياخشى ئەمەس. كوپچىلىك بىلەن تاماق يېگەندە، سېنىڭ ئال-
دىڭدا تاماق بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۈگىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ
ئالدىغا تاماقتىن نېسىۋە بەرگىن. مېھمان بىلەن ياكى كوپچىلىك
بىلەن تاماق يېگەندە خىزمەتچىلىرىڭنى چاقىرما ۋە خىزمەتچىلە-
رىڭگە ئاچچىقلانما. تاماق پىشىپتۇ، پىشماپتۇ، تۇزسىز، تۇزلۇق بولۇپ
قاپتۇ، دەپ كايىما. بۇلار تاماق يېيىشنىڭ تەرتىپ - قائىدىسىدۇر.

## يەتتىنچى باپ. شاراپ ئىچىش تەرتىۋى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، شاراپ ئىچىش ھەققىدە نىمە دېيىشىم كېرەك؟
چۈنكى، شاراپ ئىچىش شەكسىز ھارام. ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە ۋە
بەدىنىگە زىيانلىق. لېكىن ياش، ھاياسىز ۋە پاسىق يىگىتلەر
كىشىنىڭ سوزىگە قۇلاق سالمايدۇ، ئوزلىرى خالىغان خاتالىقتىن
كەچمەيدۇ. مەنمۇ يىگىت چېغىمدا ئاتا-ئانا ۋە پېشقەدەملىرى-
مىز شاراپ ئىچىش ھارام، ئىچمە، دەيتتى، مەن قوبۇل قىلمايت-

تىم. ئۇ مېنىڭ ياشلىق ھالىتىمدە ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا، خەلق ئالدىدا ئۆتكۈزگەن ئاسىلىق جىنايىتىم. كېيىن ئاللاتائالا مەرھەمەت قىلىپ تەۋپىق بەردى......

ئەي ئوغۇل، ئەگەر ھېچقاچان ھاراق-شاراپ ئىچمىسەڭ، ئاللاتائالا سەندىن رازى بولىدۇ ھەم خەلق ئىچىدە ئىسمىڭ ئۇلۇغ، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىشەنچىگە سازاۋەر بولىسەن، خەلق ئىچىدە مالامەتكە قالمايسەن، دىۋانە-ساراڭلارغا ئوخشاش تەلمۈرۈپ يۈرمەيسەن، مال-مۈلكۈڭ ئىسراپ بولۇپ تۈگىشىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بۇ سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلساڭ، مېنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا سۆيۈملۈك بولىسەن. ئالىملار: "يالغۇزلۇق — يارماس، يامان يولداشلاردىن ياخشىراق" دېگەن. ئىچىملىك بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىگە ھەمسۆھبەت بولمىغىنىڭ ئەۋزەل. شۇنداق كىشىلەرگە ئارىلىشىپ قالساڭ (ئىچىپ قالساڭ)، توۋىنى كۆڭلۈڭدىن چىقارما. ھەر زامان گۇناھىڭنى ئېسىڭگە چۈشۈرۈپ، تەڭرى-تائالادىن ئەپۇ سوراپ، تەۋپىق تىلىگىن، شاراپ-ئىچىملىك ئىچىپ ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭغا قاتتىق پۇشايمان قىل، قايتا ئىچمە، ئۈمىت باركى، ئاللاتائالا ساڭا تەۋپىق بەرگەي. ياشلىقىڭغا مەغرۇرلىنىپ ئىچىپ قالساڭ، ھەرقاچان تائامنى يەپلا ئىچىشكە باشلىما، ئاۋال تاماق ھەزىم بولسۇن. تائام ئاشقازاندا ھەزىم بولماي تۇرۇپ، شاراپ ھەتتا سۇ ئىچىشمۇ توغرا ئەمەس، ئەگەر ئارتۇقچە ئۇسساپ كەتسەڭ، ھېچبولمىغاندا تائام يەپ ئىككى سائەتتىن كېيىن سۇ ئىچ. تاكى تەبىئىتىڭ تائامدىن بەھر ئالسۇن ۋە يېگەن تائامنىڭ قۇۋۋىتى تەنگە سىڭسۇن. شاراپ ئىچىشكە دۈچ كەلسەڭ، كەچقۇرۇن ئىچ، شاراپ تەسىرى بىلەن مەس بولغىچە كەچ كىرسۇن. خەلق سېنى مەس ياكى شاراپ ئىچكەن ھالەتتە كۆرمىسۇن. شاراپ ئىچكەن ئەيىبىڭ باشقىلارغا كۆرۈنمىسۇن. چۈنكى، مەس بولۇپ لەلەڭشىپ، لاۋزىلىشىپ يۈرۈش ناھايىتى زور ئەيىپتۇر. شاراپ ئىچكەندە كۆپ يېمە. ئۇلۇغ ھۆكۈما، ئالىملار: "شاراپ ئىچكەندە كۆپ يېمەك — ئاشقازانغا

ئېغىر كېلىدۇ» دېگەن. شاراپنى خەلق كوپ يەردە، باغچىدا ئىچمە، ئەگەر خەلق كوپ يەردە، باغچىلاردا ئىچسەڭ ئوز ئۆيۈڭگە قايتىپ كەلگىچە رەسۋا بولىسەن، چۈنكى، كىشى ئوز ئويىدە — توت تام ئىچىدە ئوز مەملىكىتى ئىچىدىكى پادىشاغا ئوخشايدۇ. شاراپ ئىچكەندە كوپ ئىچمە. شاراپنى كوپ — مەس بولغىچە ئىچكەننىڭ ئىككى تۈرلۈك زىيىنى بار: بىرى ھەممە ئەزالىرىڭ ئىختىيارسىز ھەركەتلىنىدۇ. تىلىڭ دېمەيدىغاننى دەيدۇ. پۇتۇڭ بارمايدىغان جايغا بارىدۇ. قولۇڭ تۇتمايدىغاننى تۇتىدۇ. كوزۇڭ قارىمايدىغانغا قارايدۇ. ئاغزىڭ يېمەيدىغاننى يەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوز ئەزالىرىڭ بىلەن ئوزەڭنىڭ كىشىلىك ئىززەت-ھورمىتىڭنى يەرگە ئۇرۇپ، رەسۋا بولىسەن. ئىككىنچى، شاراپ تەسىرى بىلەن مىڭە، جىگەر، يۈرەك زەھەرلىنىپ، ساغلام بەدەننى زورلاپ كېسەلگە گىرىپتار قىلىسەن. ھەرقاچان مەس بولساڭ، بەدەنلىرىڭ زەھەرلىنىپ كېسەلگە مۇپتىلا بولىسەن. ئەقلىڭدىن ئايرىلىسەن. مۇبادا خاتالىشىپ مەس بولغىدەك ئىچسەڭ «سۇبۇھى» (مەسلىكنى يوقىتىدىغان ئەتىگەنلىك شاراپ) ئىچمە، بۇنىڭ زەرەرى ئىنتايىن يامان. كېچىدە ئىچكەن شاراپنىڭ مىڭىدىكى تۇمانلىق گاز تەسىرى چىقماي تۇرۇپ، ئەتىگەنلىك شاراپ ئىچسەڭ، ئىككى خۇمار گاز بىرلىشىپ مالىخولىيا (ئەقلىدىن ئازغان نېرۋا كېسىلى) گە گىرىپتار بولىسەن. بۇ كېسەل — ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر.

تەڭرى كېچىنى ئادىمىزاتنىڭ ئارام ئېلىپ راھەتلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى. ئەگەر شاراپخورلارغا يولۇقۇپ ئۇيقۇسىز قالساڭ، ئەتىسى كۈندۈزدە ئۇخلىشىڭ لازىم. ئۇخلىمىساڭ ساڭا ئىككى زەخمەت دۇچ كېلىدۇ: بىرى، مەسلىك خۇمارى، يەنە بىرى، ئۇخلىمىغاننىڭ ئاجىزلىقى، مۇنداق ھالەتتىن خۇدا ساقلىسۇنكى: ئوزەڭنى بېشىڭ ئاغرىغان، كوز-قاپاقلىرىڭ ئىششىغان، قول-پۇتلىرىڭ تىترىگەن، بەدىنىڭدە قىلچە قۇۋۋەت قالمىغان، ئەقىل-ھوش، كۈچ-مادار يوق بىر نەرسىگە ئايلانغان ھالدا كورىسەن. ئەي

ئوغلۇم، مۇنداق يامان ئاقىۋەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئىچىشكە مەيىل قىلما، ئەسلا ئىچمە! مەنىسىز، قاباھەتلىك بىر ھارام قىلىقنى قىلىپ، بۇ قەدەر زەخمەتنى ئۆزەڭگە يۈكلىمە، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن. جۈمە كېچىلىرى ئەسلا ئىچمە. شاراپ ئىچمىسەڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ۋە خەلقنىڭ نەپرەتلىنىشىدىن خالاس بولىسەن، ئاللاتائالانىڭ قەھرى-غەزىۋىدىن ساقلىنىسەن. ئەقلى-ھۇشۇڭ، بەدىنىڭ زەھەرلىنىپ كېسەللىككە مۇپتىلا بولمايدۇ. ئەگەر بۇ قاباھەتلەرنى بىلمەي، ئۇنۇلماي ئىچكەن بولساڭ، توۋە قىلغىن، توۋە قىلغىنىڭغا ئاپىرىن ۋە مۇبارەك بولسۇن.

## سەككىزىنچى باپ. مۇساپىر ۋە مېھمانلارغا ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، ئەگەر خەلقنى زىياپەتكە چاقىرساڭ، ھەر كۈنى چاقىرما، بولۇپمۇ يات كىشىلەرنى (سىرداش بولمىغانلارنى) زىياپەتكە چاقىرما. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يات كىشىلەرنى چاقىرساڭ، كۈتۈۋېلىشتا ئاجىزلىق قىلىپ، مېھمانلىق ھەققىنى ئادا قىلالمايسەن. مېھمان چاقىرىش زۆرۈر بولسا، ھېچبولمىغاندا ئۈچ كۈندە بىر قېتىم چاقىرغايسەن (تەييارلىقسىز، ئالدىراپ مېھمان چاقىرما)، بىر ئايدا بىر نۆۋەت مېھمان چاقىرماقچى بولساڭ، ئالدىرىماي، 5 قېتىم چاقىرىشنى يىغىپ تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ، بىر قېتىم چاقىرغىن. 5 قېتىم خىراجەت قىلىدىغان سەرپىياتنى يىغىپ، بىر قېتىم قىلغىن. تاكى سېنىڭ مېھماندارلىقىڭ ھەممە ئەيىپتىن خالى بولسۇن ۋە ئەيىپ ئىزلىگۈچىلەرنىڭ تىلى قىسقارسۇن. داستىخاندا نېمەتلىرىڭ مول بولسۇن. سېنى كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخورلار نېمەتنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ غەيۋەت قىلىشقا تىل ئۇزىتالمايدىغان بولسۇن. بەلكى ئىنساپقا كېلىپ، ئاپىرىن ئوقۇسۇن. ھەرقاچان مۇساپىر مېھمان-

لار كەلسە ئالدىغا چىقىپ كەمتەرلىك بىلەن ئىززەت قىلغىن
ۋە ھەر بىرىگە ئورۇن كۆرسەت. مېھمانلىرىڭ بىلەن يۇمشاق-
مۇلايىم سۆزلەشكىن. چۈنكى، تاتلىق سۆز — تاتلىق يېمەكلىكلەر-
دىن ئارتۇقراقتۇر. ئۆيۈڭگە كەلگەن مېھمان مەيلى دوستۇڭ، مەيلى
دۈشمىنىڭ بولسۇن كېچە-كۈندۈز خىزمىتىدە بولۇشۇڭ لازىم. ھەرقا-
چان مۇساپىر مېھمانلىرىڭ ئۆيۈڭگە كەلسە، ئەگەر يېمىش ۋاقتى بول-
سا ئالدىغا مېۋە ئەكىلىپ قوي. بىرئاز سۆھبەتلەشكەندىن كې-
يىن، داستىخان يېيىپ تائام كەلتۈرگىن. مېھمانلارنى تائامغا تەك-
لىپ قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەت، بىللە قاراپ ئولتۇرما. ئەگەر
مېھمانلار سېنى بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلسا، سائادەت بىل، لېكىن:
مەن ھەر بىرلىرىڭىزگە خىزمەت قىلاي، دېگىن. تەكرار تەكلىپ
قىلسا، ئولتۇرۇپ تائام يېگىن، ئەمما مېھماندىن تۆۋەندە ئولتۇرغىن.
ئەگەر مېھمان سەندىن بۈيۈك ئادەم بولسا، ئولتۇرماق ئەدەپ
ئەمەس. مېھمانلارنى تائام يېيىشكە تولا قىستاش ۋە: ھەر بىرى-
ڭىزگە لايىق تائام تەييار قىلالمىدىم، دېگەندەك سۆزلەرنى ئېي-
تىش ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ سۆزى ئەمەس. بۇ خىل سۆزلەر
مەزمۇندا مېھمانلارغا قويۇلغان نېمەتلەرنى نامايىش قىلىشتۇر.
مۇنداق سۆزلەر نەچچە يىلدا بىر قېتىم مېھمان چاقىرىدىغان
كىشىلەرنىڭ سۆزىدۇر. مېھماننى تولا تەكەللۇپ بىلەن قىستاپ
تەكلىپ قىلساڭ، ئۇيېلىپ تائام يېمەي، داستىخاندىن ئاچ
كېتىدۇ. ئەگەر ئۆيۈڭگە مېھمان كەلسە ئالدىغا تائام كەلتۈرۈپ
قويۇپ، كىرىپ-چىقىپ يىراق تۇرۇش لازىم. مېھمان تائام
يەپ بولغاندىن كېيىن خۇشپۇراقلىق سۇ ئەكىلىپ، مېھماننىڭ
قولىنى يۇدۇرۇش كېرەك. مېھماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىمۇ ھۆرمەت-
لەش لازىم. مۇمكىن بولسا سازەندە (مۇزىكانتلار) تەكلىپ قىلىپ،
مېھمانلىرىڭنى خوشال قىلغىن. مېھماندا سېنىڭ ھېچ ھەققىڭ يوق،
مېھماننىڭ ھەققى سەندە كۆپتۇر. مېھمان قېشىدا بار-يوقنا
شاتلانما، شاتلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىگە شاتلان. ئەرزىمەس نەر-
سە ئۈچۈن قايغۇ-ھەسرەت چەكمە، مېھمان كۈتۈش خىزمىتىڭ

تاماملانسا، مېھمانغا مىننەت يۈكلىمە، بەلكى سەن ئۇلاردىن مىننەتدار بول.

ئەي ئوغۇل، مۇساپىرلارغا ئوچۇق سوزلۇك ۋە تاتلىق سوزلۇك بولغىن، ئاچچىق سوزلىمە، كىنايە سوز قىلما. قۇدرىتىڭ يەتسە مۇساپىرغا ئىنئام ـ ئېھسان قىل. مېھمان ئالدىدا ئورۇنسىز كۇلمە. ئورۇنسىز كۇلۇش — ساراڭلىقتۇر، ئورۇنلۇق كۇلۇش ئاقىللىق ۋە ئەدەپتۇر. ئەگەر مۇساپىر ئىچىپ مەس بولۇپ كېتىشنى خالىسا، ئۆيۈڭدە تۇتۇپ قالما، كەتسۇن. مېھمان بار يەردە ئەھلى ـ ئايال، بالىلىرىڭغا ئاچچىقلانما، چۈنكى مېھماننىڭ كوڭلى سەندىن نەپرەتلەنمىسۇن. مۇبادا مېھماندىن يارىماس سوز ئاڭلىساڭ، نارازىلىق كورسەتمە. سەۋرى قىل، مېھماننى ھورمەتلە.

مېھماننى ھورمەتلەش توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار.

ئاببىاسلاردىن مۇئتەسىم خەلىپىنىڭ زامانىدا زور جىنايەتلىك بىر ئادەم تۇتۇپ كەلتۈرۈلۈپتۇ. خەلىپە بۇ جىنايەتكارنى ئولۇمگە ھوكۇم قىپتۇ ـ دە، دەرھال جاللاتلار كېلىپ جىنايەتكارنى ئولتۈرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. ئۇ جىنايەتكار — دەرتمەن بىچارە پەريات قىلىپ:

— ئەي خەلىپە، ئاللا ۋە رەسۇلۇللا ھەققى بىر يۇتۇم سۇ بېرىشكە رۇخسەت قىلىڭ، — دەپتۇ. خەلىپە رۇخسەت قىپتۇ. بىر قاچا سۇ ئەكىلىپ بېرىلىپتۇ. جىنايەتكار سۇنى ئىچىپتۇ ۋە ئەدەپ قائىدە بويىچە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي مومىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئاللا سىزنىڭ ياخشىلىقلىرىڭىزنى كوپ قىلسۇن. ئەمدى مەن سىزگە مېھمان بولدۇم، مېنى تەشنالىق ھالىتىدە بىر قاچا سۇ بىلەن مېھمان قىلدىڭىز، مېھماننى ئولتۈرۈش سىزدەك ئىسلام خەلىپىسىگە لايىق بولسا، مېنى ئولتۈرۈڭ، ئەگەر مېھماننى ئولتۈرۈش توغرا بولمىسا، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەن توۋە قىلاي. مۇئتەسىم خەلىپە بۇ سوزنى ئاڭلاپ:

— سەن توغرا ئېيتتىڭ، مېھمان ھورمىتى ئۈچۈن سېنى ئو-

لۇمدىن ئازات قىلدىم، — دەپتۇ ۋە ئازات قىپتۇ.

مېھماننى ھۆرمەتلەش كېرەك دېگىنىمىزدە، بارلىق مېھمانلار ئەمەس، بەلكى ھۆرمەتلەشكە، ئۇلۇغلاشقا ھەقلىق مېھماننى ھۆرمەتلەش لازىم. ئەخمەق، نادان - ھاياسىز مېھمانغا ھۆرمەت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق نائەھلى - ناداننى ھۆرمەتلىسەڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ نازى - نېمەتلىرىڭنى يەپ بولۇپ، ئۆيۈڭدىن چىققاندا غەيۋىتىڭنى قىلىدۇ. گۆشۈڭنى يەپ ئۈستۈڭدىن شىكايەت قىلىدۇ. مۇنداق ئادەملەرنى مېھمان قىلىشقا، ھۆرمەتلەشكە بولمايدۇ. ئەي ئوغۇل، مېھماننى تاللىۋېلىشنى بىلدىڭ، ئۆزەڭ باشقا كىشىلەرگە مېھمان بولساڭ قانداق مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك؟ ئەگەر بىر ئادەم سېنى چاقىرسا، بولار - بولماس ئادەمنىڭ ئۆيىگە بارما. سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭغا ۋە ھۆرمىتىڭگە زىيان يېتىدۇ. ئەگەر مېھماندارلىققا بارساڭ، بەك ئاچ قوساق بارما، بەك توقمۇ بارما. چۈنكى، مېھمان بولۇپ بېرىپ بىرنەرسە يېمىسەڭ، ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئەگەر بەك ئاچ بېرىپ كۆپ يېسەڭ، ئۆزەڭنى ئەيىپلەشكە سەۋەپ بولىدۇ، ئوتتۇرا ھال بارغىنىڭ ياخشى. مېھماندارلىققا بارساڭ، ئۆزەڭگە لايىق ئورۇندا ئولتۇرغىن. قايتا سېنى قوزغاتمىسۇن. يەنى ئاۋال يۇقۇرى ئولتۇرساڭ، كېيىن كەلگەن ئۇلۇغراق (چوڭراق) ئادەملەرگە ئورۇن بېرىش ئۈچۈن ياكى باشقا سەۋەپتىن مۇندا ئولتۇر، ئاندا ئولتۇر دېگەن سۆز ئۆلۈمدىن يامان. داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن، يېمەك - ئىچمەكتە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما. خىزمەتكارلىرىغا، باللىرىغا بۇيرۇق قىلما. مۇنداق قىلىش — ھەددىدىن ئاشقانلىقتۇر. ئەگەر مېھماندارلىق ئۈستىدە شاراپ ئىچىپ قالساڭ، مەس ۋە خاراپ بولغىچە ئولتۇرما. شۇنداق ھالدا كەتكىنىڭكى، ئۆيۈڭگە قايتىپ كەتكىچە مەسلىكىڭنى كىشى بىلمىسۇن. چىرايىڭ ئادەم چىرايىدىن ئۆزگىرىپ كەتمىسۇن. بەزى ئادەملەر شۇنداق مەس بولىدۇكى، يۈزى ئادەم يۈزىدىن ئۆزگىرىپ قاۋان سۈرىتىدىنمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ.

مۇنداق مەسلىك ـ رەسۋالىقتىن ساقلان. شاراپ ئىچىپ قالساڭ، ئۇني ـ ئىچمىدىكەنلەرگە قاراپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ ئۇرۇشما. چۈنكى، كىشىلەر: مەس بولۇپ قاپتۇ دەپ سېنى ئەيىپىقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر بىر يۇتۇم ئىچىپ سوزلىسەڭمۇ، مەس ئىكەنلىكىڭگە ھوكۇم قىلىدۇ. چۈنكى، شاراپ ئىچكەن مەسنىڭ ھەربىر قىلىغى ساراڭغا ئوخشايدۇ. ئاقىللار ئېيتقانكى: "ساراڭلىق بىر قانچە تۇرلۇك بولىدۇ". مەسلىك ئەنە شۇ ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرى. مەسىلەن: كوپ كۈلۈش، بىر سوزنى قايتا ـ قايتا سوزلەش، ئادەمگە ئېسىلىۋېلىش، ئادەمنى رەنجىتىش، مەنىسىز كوپ سوزلەش، ئەدەپسىزلىك قىلىش، قاباھەتلىك (ناچار) سوزلەش، يىغلاش قاتارلىقلار مەسلەرنىڭ سۈپىتى بولۇپ يەنە بىر ھېساپتا ساراڭلىقتۇر. ئەگەر نەغمە ـ موزىكا ئاڭلىساڭ شەھۋانى نىيەتتە ـ بۇزۇق غەرەزدە ئاڭلىما.

## توققۇزىنچى باپ. چاخچاقلىشىش ۋە شاخمات ـ دامكا ئويناش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ھەرگىز كىشىلەر بىلەن ئويۇن ـ چاخچاق قىلىشما. دانالار: "چاخچاقلاشماق ــ يامان ئىشلارنىڭ مۇقەددىمىسى" دەپ ئېيتىشقان ئىدى. مۇبادا چاخچاقلاشساڭ، مەسلىك ھالەتتە بولمىسۇن. بولۇپمۇ شاخمات ـ دامكا ئوينىغاندا ئادەمدە كوڭۇل تارلىقى بولىدۇ؛ خانە ـ يوللار مەقسەتتىكىدەك كەلمىگەندە ياكى ئۇتتۇرۇپ قويغاندا، ئەلۋەتتە كىشىنىڭ كوڭلى تېخىمۇ تارىيدۇ. بۇ ۋاقىتتا چاخچاق چىكىگە يېتىپ قېلىشى مۇقەررەر، ئەڭ ياخشىسى شاخمات ـ دامكا ئويناشنى ئادەتلەنمە، ئەگەر ئوينىساڭ پۇل تىكىپ ئوينىما، پۇل تىكىپ شاخمات ـ دامكا ئوينىغانلىق قىمار بولىدۇ. قىمار ــ ھارامدۇر، قىمارۋازلىقتىن قەتئىي ساقلان. قىمارۋازلىق قىلىپ نام چىقارغان ئادەملەر بىلەن شاخ-

مات ـ دامكا ئوينىساڭ قىمارۋاز دەپ مەشھۇر بولىسەن. ئەگەر چوڭ ـ ھۆرمەتلىك كىشىلەر بىلەن شاخمات ـ دامكا ئوينىساڭ، ئۇلارغا يول قويۇشۇڭ لازىم. كوڭلى قالمىسۇن. ئەمما، مەغرۇر، ھاياسىز، ئەدەپسىزلەر بىلەن ئوينىما. مۇنداق ئادەملەر بىلەن ئوينىساڭ، ئويۇننىڭ ئاخىرى جەڭ ـ جېدەل ۋە ئاداۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇتۇش شەرتى بىلەن ئوينىغانىدا، يوققا، بارغا قەسەم قىلما. خۇسۇسەن ئۇتۇش ئويۇنى ئوينىغانىدا قەسەم قىلىش زور خاتا ۋە گۇنادۇر. ئەگەر ئويۇن ئۈستىدە لەتىپە ـ چاخچاق قىلىشساڭ، لەتىپە ـــ لەتىپە قائىدىسىدە بولسۇن، بەزى گۈزەل ئىش، گۈزەل سوزلەر بىلەن بولسۇن. بۇ ئەيىپ ئەمەس، بەلكى سوزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىنىڭ كوڭلىگە ياقىدۇ. چۈنكى، ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلايھىسسالام بەزى چاغلاردا ساھابىلەرگە ھەق سوزلەر بىلەن لەتىپە سوزلەيتتى. بۇ توغرىدا مەشھۇر بىر لەتىپە بار: "ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئويىدە بىر قېرى خوتۇن بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ قېرى خوتۇن: "يارەسۇلىللا، ماڭا شاپائەت قىلسىلا. ئاللاتائالا مېنى جەننەتكە كىرگۈزسۇن" دىدى. ھەزرىتى پەيغەمبەر: "قېرى خوتۇنلار جەننەتكە كىرمەيدۇ" دىدى، بىچارە قېرى يىغلاپ تاشلىدى. پەيغەمبەر كۈلۈپ: ئەي موماي، كوڭۇلسىز بولماڭ، مېنىڭ سوزۇم ھەق سوزدۇر، يالغان ئەمەس. قىيامەت كۈنى بارلىق خەلق مەيلى ياش، مەيلى قېرى بولسۇن، گوردىن تىرىلىپ قوپقاندا ھەممىسى ياشلىق ـ يىگىتلىك ھالىتىدە قوپار، تەكرى بەندىلىرىنى جەننەتكە كىرگۈزگەندە ياش ـ يىگىتلىك ھالىتىدە كىرگۈزەر" دىدى. بۇ قېرى خوتۇننىڭ كوڭلى ئېچىلىپ خوش بولدى. ئەي ئوغۇل، لەتىپە ـ چاخچاق قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن، لەتىپە ـ چاخچاق مەناسىز ـ بىھۇدە بولمىسۇن. لەتىپە ـ چاخچاق قىلىشساڭ، ئوزەڭدىن تووەن كىشىلەر بىلەن قىلىشما. خۇسۇسەن، لەتىپە ـ چاخچاقنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر بىلەن چاخچاقلاشساڭ، ھورمىتىڭگە نۇقسان يېتىدۇ، ھەرقاچان لەتىپە ـ

چاخچاق قىلىشساڭ، ھەمتەڭ - باراۋەر سەندىكى كىشىلەر بىلەن قىل. قايسى ھالدا بولسۇن، لەتىپە - چاخچاقنى ئاز سۆزلىگەن ياخشى. لەتىپە - چاخچاقلىشىشتىن ئېھتىيات قىل. چۈنكى، ئۇ، سېنىڭ قىممىتىڭ - ھۆرمىتىڭنى كەتكۈزىدۇ. ئويۇن - چاخچاق قىلىشىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلىمە، دۈشمىنىڭ بولسىمۇ بوھتان قىلما، سېنىڭ بوينۇڭغا ئۇنىڭ ھەققى يۈكلەنمىسۇن. دۈشمىنىڭنىڭ ئەيىۋىنى ئوچۇق بىلسەڭمۇ سۆزلىمە. توغرا بولغان تەقدىردىمۇ تۆھمەتتىن خالى بولالمايسەن. "دۈشمەنلىك بىلەن سۆزلەيدۇ" دەپ ساڭا تۆھمەت قىلىدۇ. كىشىلەر بىلەن ئۇچەكەشمە، دۈشمىنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندىمۇ يارىماس سۆزلەر بىلەن سۆكمە. دۈشمىنىڭ ناچار - يامان سۆزلىسە، سەن ياخشى سۆزلە، سېنىڭ ھۆرمىتىڭگە نۇقسان يەتمىسۇن.

شاراپ - ئىچكۈلۈك ئىچىش، لەتىپە - چاخچاقلىشىش، ئىشقىۋازلىق قىلىش ناداناارنىڭ ئىشىدۇر، ھەربىر ئىشنى ئۆلچەم بىلەن قىلىش لازىم. ئەگەر ئاقىۋەتنى ھېساپقا ئېلىپ قىلمىسا، ئادەم تېز رەسۋا بولىدۇ.

## ئونىنچى باپ. ئىشق ۋە ئاشىقلىق ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ھەرگىز ئاشىق① بولمىغايسەن. چۈنكى، ئاشىقلىق ئەھۋالى ياماندۇر. ئەگەر ئاشىق بولساڭ، ھېچقاچان كۆڭۈلگە ۋە ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشمە. يەنى، كۆڭلۈڭ تارتسا، بېرىپ

① ئىشق — بىرەر گۈزەل ئادەمگە كۆڭۈل باغلاپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش. ئاشىقلىق — بىرەر ھۆسنى - جامال ئىگىسىنى — گۈزەلنى ياخشى كۆرۈپ، كۆڭۈل باغلاپ، شۇنىڭ يولىدا ھەيران - سەرگەردان بولۇپ، شۇنى ئەسلەپ، شەھۋانى ئارزۇلار، خىيالى ھەۋەسلەرنى قىلىپ يۈرگۈچى كىشىنىڭ پائالىيىتى.

مەشۇغۇڭ (سويگىنىڭ) نى كورۇپ كەل. بۇ ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتمە، چۈنكى، كوڭلۈڭ سېنى ھاۋايى - ھەۋەسكە باشلايدۇ، ئاقىۋەتتە نەپسى شەھۋانى يامان يولغا باشلايدۇ.

مۇنداق نەپسى شەھۋانى بۇزۇق يولغا مېڭىش — ئەقلى بار ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. مۇمكىن قەدەر كوڭلۈڭنى ئىشققا باغلىما، چۈنكى، ئاشىقلىق بىر بالا. ئۇ، باشقا ھېچبىر بالاغا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: ئاشىقمەن دىگۈچىنىڭ سويگىنى بىلەن بىر يىل كورگەن راھەتى بىر كۈنلۈك پىراق - جۇدالىق (ئايرىلىش) جەۋرى - جاپاسىغا ئەرزىمەيدۇ، ئاشىقنىڭ سويگىنى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ھىجران - پىراق بىلەن ئايرىلىش باشتىن ئاخىر تامامەن مېھنەت، دەرتتۇر. ئىشىق دەردى — داۋاسىز دەرتتۇر. چۈنكى، ئەگەر سويگىنىڭدىن ئايرىلساڭ ئازاپ - ئىچىدە قالىسەن، ئەگەر مەشۇغۇڭ (سويگىنىڭ) بىلەن ئۇچراشساڭ، ئۇ يامان خۇلقلۇق بولسا، (قەدرىڭنى بىلمىسە) تېخىمۇ ئازاپ - خارلىق ئازاۋىنى چېكىسەن. سېنىڭ ئىشىق باغلاپ ياخشى كورگەن مەشۇغۇڭ پەرىشتە - ھورسۈپەت بولسىمۇ، خەلق ئىچىدە مالامەت - نەپرەتتىن خالى بولالمايسەن. ئەگەر سېنىڭ ئاشىقلىغىڭنى خەلق بىلسە، سېنىڭ مەشۇغۇڭ ھەققىدە يارىماس - يامان سوزلەرنى قىلىشىدۇ. چۈنكى، بەزى ئادەملەرنىڭ ئادىتى دائىم كىشىلەردىن ئەيىپ ئىزلەشتۇر. دىمەك، ئوز - ئوزەڭنى ئىشق ۋە ئاشىقلىقتىن ياندۇرغىن. ئەقلى بار زىرەك ئادەم ئوزىنى ئىشىقتىن يىراق تۇتىدۇ، ئىشىقتىن ساقلىنىدۇ. بۇنىڭ يولى شۇكى، مەھبۇبىڭنى كورۇش ھەۋەسىنى كوپ قىلمىغايسەن. چۈنكى، ئادەم بىر گۈزەلنى بىر قېتىم كورۇش بىلەنلا ئاشىق بولمايدۇ. ئەگەر تەكرار كورسە ئىشق مۇستەھكەملىنىدۇ، "كوز كورگەنگە مەيل قىلىدۇ." كوپ كورگەندىن كېيىن ھېرىس (ئامراق) بولىدۇ. ئەگەر سەن كوڭلۈڭگە رۇخسەت بەرسەڭ، كوڭلۈڭ بىر كورۇش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ. يەنە بىر قېتىم كورۇشنى ئىزلەيدۇ، يەنە بىر كورسەڭ ئۇچىنچى قېتىم كورۇشكە ئىنتىلىدۇ. ئاخىرى تۈگىمەس دەرتكە

مۇپتىلا بولسەن. بولۇپمۇ مەھبۇبىڭنى ئۆز كوزۇڭ بىلەن كورسەڭ، قۇلىقىڭ بىلەن سوزىنى ئاڭلىساڭ، سەندىن ئارام ـ راھەت كېتىپ، مېھنەت كېلىدۇ. سەن كىرگەن ئىشىق بازىرىدا زەرەردىن باشقا نەرسە ھاسىل بولمايدۇ. مەھبۇبىڭنى كورگەن زامات كوڭلىڭگە توسالغۇ بولغايسەن. يەنە بىر كورەي دىمە، مەشۇغىڭنىڭ ئىسمىنى ئېسىڭگە چۈشۈرمە، ئۆزەڭنى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلغايسەن، بەدىنىڭدىن شەھۋەتنى بوشاتقايسەن. يەنى ئۆزەڭنىڭ ھالال ئايالىڭ بىلەن جىما قىلغايسەن تاكى كوڭلۇڭ ئارام تېپىپ باشقا خوتۇننى تەلەپ قىلمىسىڭ، قەلبىڭنى، كوزۇڭنى كوڭلۇڭ ھەۋەس قىلغان تەرەپكە باغلىما. شۇنداق قىلساڭ مۇنداق ماجازى ـ شەھۋانى ئىشقتىن خالاس بولسەن. ئىشقتىن بۇ يول بىلەن قۇتۇلۇش قىيىندۇر، ئەمما بۇنىڭ جاپاسى بىر ھەپتىلىكتۇر. بۇ بىر ھەپتىلىك جاپاغا چىدىساڭ، نەچچە يىللىق پىراق ۋە خەلق ئالدىدىكى ئەپرەت ـ مالامەتتىن خالاس بولسەن. بۇنى ھەركىم كوتىرەلمەيدۇ. بۇ ئىشنى ھەرقانداق بىلەر ـ بىلمەس كىشى ئېيتالمايدۇ. غايەت ئاقىل ـ دانا ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قادىر بولغان كىشى بېجىرەلەيدۇ.

ئاقىللار: "ئىشق دىگەن بىر تۈرلۈك كېسەلدۇر، ئۇنىڭ داۋاسى تويغىچە تاماق يىمەسلىك، بەدەنگە ئېغىر ئەمگەك مەجبۇرىيتى يۈكلەش، ئۆز ھالال جۈپتۈڭ (ئايالىڭ) بىلەن كوپ جىما قىلىپ ۋە يىراق يەرلەرگە سەپەر قىلىپ، بەدەننى ئۆز ھالىتىدىن ئۆزگەرتىش. شۇنداق قىلغاندىلا بەدەندىكى ھاۋايى ـ ھەۋەس پەسىيىپ، ئىشق دىگەن نەرسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلىمگەي" دەيدۇ. بۇ، ناھايىتى توغرا تەدبىردۇر.

دوستلارنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتى بىر تۈرلۈك ئاشقلىقتۇر، ئۆزەڭگە بىر كىشىنى دوست تۇتۇشنى ئىزلىسەڭ شۇنداق كىشىنى دوست تۇتقىنكى، ساڭا ھەر زامان خەيرىخاھ بولسۇن، ياخشىلىق قىلسۇن، مۇنداق كىشىگە دوستلۇق قىلساڭ بولىدۇ. ئۇلۇغ ئالىملار ئېيتقانكى: ئادەمگە توت نەرسە لازىم: (1) دوستلۇق قىلىشنىڭ

سەۋەبىنى بىلىش؛ (2) ھايا ۋە ئەدەپ ئىگىلىرى ئارىسىدا ئومۇر كەچۈرۈش؛ (3) ئىلىم - مەرىپەت ئەھلى بولغۇچى كىشىلەرنىڭ نەسىھىتىنى قۇلاقتا تۇتۇش؛ (4) دوستىنى دوستلۇق ھۆرمەت ئورنى بىلەن دوست تۇتۇش. ئەمما نان، ئاش، مەنپەئەت دوستى بولمىسۇن. ھەقىقى دوست بولسۇن. جېنى ۋە كۆڭلىدىن ساڭا دوستلۇق قىلسۇن.

بۇ خىل دوستقا مۇھەببەت باغلىساڭ، توغرا - ھەقىقى دوست تۇتقان بولىسەن. ئەمما، دوستلۇق بىلەن ئاشىقلىق ئارىسىدا پەرق بار، ئاشىقلىقتا كىشىنىڭ ۋاقتى ھېچقاچان خوش بولمايدۇ، ئەمما دوستلۇقتا خۇشاللىق بولىدۇ. ئاشىقلىق ئوتى دائىم يالقۇنلاپ كۆيدۈرۈپ، ھالاك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ كۆيدۈرگۈچى ئوتتۇر، خۇسۇسەن قېرىغانىدا ئاشىق بولۇش — زور ئاپەتتۇر. چۈنكى كىشى يىگىتلىك ۋاقتىدا "ئاشىق" بولسا، خەلق ئۇنى كەچۈرۈشى مۇمكىن، كۆپ تەنە قىلمايدۇ. ئەمما، قېرىلار ئاشىق بولسا (يىگىتلەردەك ھەۋەس قىلسا)، ھېچقاچان كەچۈرمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر ئاشىق بولساڭ، سۆيۈشكە لايىق بولغانغا ئاشىق بول؛ ھۆسنى - جامالى، ئەقلى - كامالى، ئىلىم - مەرىپىتى بولسۇن. چۈنكى، ئىشق بىر ئوتتۇر، ئۇ گۈزەللىكتىن پەيدا بولىدۇ. كۆركەم خۇلق سۆزۈك - تاتلىق سۆزدۇر. ئۇ، مەرىپەتتىن ھاسىل بولىدۇ. سېنىڭ ئىشق باغلىغان مەشۇقۇڭدا بۇ ئىككى خىسلەت بولۇشى زۆرۈر. ئۇنىڭ گۈزەللىكى، ھۆسنى - جامالى سېنى كۆيدۈرسە، مەرىپىتىنىڭ سۆزۈك سۈيى ئوتىنى ئۆچۈرىدۇ، پەسەيتىدۇ. ئەگەر سۆيگىنىڭ غايەت گۈزەل، ھۆسنى - جاماللىق، بەك نازىنىن بولسا، خۇلقى - قىلىقى كۆركەم بولسا، خەلقنىڭ ساڭا نارازىلىقى بولمايدۇ، ئەپۇ قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ. خەلق ھەر دائىم بىر - بىرىنىڭ ئەيىۋىنى ئىزلەيدۇ.

**ھېكايەت** بىر ئادەم بىر كىشىدىن:

— سېنىڭ ئەيىۋىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يوق، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.
— ئەجەپكى باشقا كىشىلەردە ئەيىپ كوردۇڭمۇ؟
— كوردۇم.
— سەندىمۇ ئەيىۋى كوپ ئادەم يوق ئىكەن، — دەپتۇ سوئال سورىغۇچى.

بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ناھايىتى كوپتۇر. ئۇلار ئوز ئەيىۋىنى كورمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئەيىۋىنى ئىزلەيدۇ. ئاگاھ بولغىنكى "خەلق مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەرسىز" دەپ ئويلىما.

## ئون بىرىنچى باپ. جىما ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، جىما قىلماق دۇنيانىڭ ئۇلۇغ لەززەتلىرىدىن بىرىدۇر. لېكىن، بۇ جىما لەززىتىگە ئالدىنىپ جىما بىلەن كوپ مەشغۇل بولما. تېنىڭنىڭ بىناسى (تەن ساغلاملىغىڭ) ۋەيران بولمىسۇن. ئوزەڭنى باشقۇرالمىساڭ، جىماغا كوپ بېرىلىپ كەتسەڭ، بولۇپمۇ مەسلىك ھالەتتە جىما قىلساڭ، ۋۇجۇدۇڭ (تېنىڭ) خاراپ بولىدۇ. چۈنكى، جىما ۋاقتىدا مىگىدىن بىر لەززەت كېلىدۇ، مەسلىكتە جىما قىلساڭ، بۇ لەززەت بولمايدۇ، يۇرەك، جىگەردىن ئورۇنسىز تەبىي زور قۇۋۋەت سەيلان قىلىپ، بەدىنىڭ ئاجىزلىشىدۇ. بۇ ھال داۋاملىشىۋەرسە ئاقىۋەت بەدىنىڭ ئاجىزلىشىپ، تۇرلۇك كېسەللىكلەر سېنى بېسىۋالىدۇ، خاراپ بولىسەن. بەك تەقەززا بولساڭ، ساق ۋاقتىڭدا جىما قىلىش كېرەك، مۇنداق ساق ھالەتتە بولىدىغان جىما ئايرىم كۇنلەردە بولۇشى كېرەك. ۋاقىتسىز - قالايمىقان جىما قىلىش ھايۋانلارنىڭ ئىشىدۇر. جىمانى بەدەندە قۇۋۋەت تولۇق بولۇپ كوڭۇل تەقەززا قىلغان چاغدا قىلىش مۇۋاپىق. كۆڭۈل، بەدەندىكى قۇۋۋەت تەقەززا قىلماي تۇرۇپ زورلىنىپ جىما قىلىش، ئىسسىق مۇنچىدا، ئىسسىق كۇنلەردە ياكى قاتتىق سوغاق كۇنلەردە جىما قىلىش — بەك زىيانلىقتۇر. بولۇپمۇ قېرىغاندا مۇن-

داق چاغلاردا جىما قىلىش ئىنتايىن زىيانلىق. باھارنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، سالقىن ياز كۈنلىرىدە جىما قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ تەبىئەت دۇنياسى ياشناپ ـ ئۆسۈپ بىرىۋاتقان پەسىل بولۇپ، ھاۋا ناھايىتى پايدىلىق بولغاچقا، ئادەم تەبىئىتىدىمۇ ئۆرلەش، يېڭىلىنىش بولىدۇ. ياز تەبىئىتى موتىدىلدۇر. ئىنسان بەدىنىدىمۇ قۇۋۋەت، قان، خۇشلۇق ئارتۇق بولىدۇ. قاندىن شەھۋەت كۆپىيىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا جىمانىڭ لەززىتى كۆپ بولىدۇ. بەدەنگە، مېڭىگە زىيان يەتمەيدۇ.

جىمانىڭ بەزى پايدىلىرىمۇ بار. كىشىنىڭ كۆڭلىدە قالايمىقان تەپەككۇر، ئوي ـ خىياللار بولسا، ئۇنى دەپئى قىلىدۇ. كىشىنىڭ كۆڭلىدە ھارامغا (زىناغا) مەيل قىلىش بولسا، ئۆزىنىڭ ھالال ئائىلى بىلەن جىما قىلسا، كۆڭلىدىن بۇزۇق خىيال، ۋەسۋەسە يوق بولىدۇ، بەدەنگە چىققان بەزى جاراھەت ـ يارىلارغىمۇ پايدىسى بار. لېكىن، جىما كۆپ قىلىنسا، بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، مېڭە، ئۆپكە، جىگەر ئاجىزلىشىدۇ، پۇت ـ قول، باش ـ كۆز، بەل قاتارلىق ئەزالاردا ھەر خىل ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. خۇسۇسەن مىجەزى قۇرۇق سوغاق بولسا، جىما غايەت زىيانلىق. كۆپ جىما قىلىش كۆزنى ئاجىزلىتىپ قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ (كۆز نۇرىنى كەتكۈزىدۇ). جىمانى كۆپ قىلغان كىشىلەرنىڭ ئايىغىدىن جۇدا بولغانلىقى (ماگالماس بولۇپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقى) ھەممىگە مەلۇم. دانالار ئېيتقانكى: "مەنى ـــ ئىككى پۇتۇڭنىڭ يىلىكى ۋە ئىككى بىلىكىڭنىڭ قۇۋۋىتى، كۆزۈڭنىڭ نۇرى، ئەمدى قانداق قىلىش ئىختىيارىڭدا."

## ئون ئىككىنچى باپ. مۇنچىغا كىرىش تەرتىۋى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ئەگەر مۇنچىغا كىرىشنى خالىساڭ، قوسىقىڭ توق ۋاقتىدا كىرمە. بۇ، زىيانلىق. مۇنچىدا جىما قىلما. خۇسۇسەن مۇنچا

بەك ئىسسىق بولسا، جىما غايەت زىيانلىق. مەشھۇر ھېكىم ـ تـ
ۋىپ مۇھەممەت بىننى زىياد: "بىر كىشى قوسقىسى توق ھالـدا
مۇنچىغا كىرسە ياكى ئىسسىق مۇنچىدا جىما قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ
ئۆلمەي قالغىنىغا بەك ئەجەپلىنىمەن" دىگەن ئىدى. مۇنچىنىڭ
ئۆزى ھوزۇرلۇق ياخشى ئورۇن، قەدىمقى تىۋىپ ـ ئالىملارنىڭ
ئىجات قىلغان ئىشلىرىدا مۇنچىدىن ياخشىراق نەرسە بولمىغان.
ئالىملار: "مۇنچا — دۇنيانىڭ يېرىمى" دىگەن ئىدى. چۈنكى،
دۇنيادا قانچىلىك راھەت بولسا، ئۇنىڭ يېرىمى مۇنچىدا.
لېكىن، شۇنداق بولغاندىمۇ مۇنچىغا ھەپتىدە بىر قېتىم چۈشۈش
كېرەك. مۇنچىغا كوپ چۈشكەندە راھىتى جاپاغا (كېسەلگە) ئايلى-
نىدۇ. مۇنچىغا كوپ چۈشكەندە مۇسكۇللار بوشايدۇ، قول، ئاياق
تىترەيدۇ، بۇرۇن كېڭىيدۇ. شۇنداقلا مۇنچىغا ھەركۈنى كىرىشنى
ئادەت قىلسا، ئادەمنىڭ خۇلقى ـ مىجەزى بۇزۇلىدۇ، يامان
مىجەزلىك بولىدۇ. جۇملىدىن مۇنچىغا تولا كىرگەن ئادەم لاي
(سېغىز) يېيىشكە، ھاراق ئىچىشكە ئادەتلەنگەن ئادەمگە ئوخشاش
بولۇپ قالىدۇ. لاي يېيىشنى، ھاراق ئىچىشنى ئادەت قىلغان
ئادەم بۇنى قىلماي تۇرالمىغاندەك ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

مۇنچىغا كىرگەندە ھاۋاسى موتىدىل ئورۇندا ئولتۇرۇپ، مۇن-
چا بەك ئىسسىق بولمىسا كىرىش لازىم. مۇنچىدىن چىققاندىن
كېيىنمۇ موتىدىل ئورۇندا تۇرۇپ، غۇسلى تاھارەت قىلىپ،
تېز چىقىپ كېتىش كېرەك. مۇنچىدا ئادەم كوپ بولسا كىرمى-
گەيسەن، چۈنكى مۇنچىدا نوۋەت كۈتۈپ تۇرۇپ قالساڭ، مۇن-
چا ھاۋاسى زىيانلىقتۇر. مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن تېنىڭدىكى
تەر بېسىلغىچە سەۋرى قىلىش لازىم. تەر بېسىلغاندىن كېيىن تې-
نىڭنى پاكىز لوڭگە بىلەن سۈرتۈپ قۇرۇتۇش لازىم. مۇنچىدا
يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن پاكىز كوينەك، ئىشتان كىيىش
لازىم، تېنىڭگە راھەت، كوڭلۇڭگە خوشاللىق ھاسىل بولىدۇ.
مۇنچىدا تۇرۇپ سۇ ئىچىش زىيانلىقتۇر، مۇنچىدا تۇرۇپ سۇ
ئىچسە ئىستىسقا كېسىلى پەيدا بولىدۇ. مۇنچىغا ئاچ قوساق

كىرىشمۇ زىيانلىقتۇر، "قۇلۇنج" (ئۈچەي - ئاشقازان كېسىلى)
پەيدا بولىدۇ. تائام يەپ بولۇپ بىر - ئىككى سائەتتىن
كېيىن مۇنچىغا كىرگەن ياخشى. مۇنچىدا سوغاق سۇ ئىشلەتمەك-
مۇ زىيانلىق. ئەي ئوغۇل، بۇ تەرتىپلەرگە رىايە قىلىشنىڭ پاي-
دىلىق. زىيانلىق ئىشلاردىن ساقلانغايسەن، مۇنچىدىن چىقىپ
بىر كېچە - كۈندۈز خوتۇنغا يېقىنچىلىق (جىما) قىلمى-
غايسەن.

## ئون ئۈچىنچى باپ. ئۇخلاشنىڭ پايدا - زىيىنى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، بەزى خەلقلەردە بىر ئادەت باركى، مۇنچىدىن
چىقىپ كىيىم كىيگەن ئورۇندا بىرئاز يېتىپ ئۇخلىمىسا، مۇن-
چىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. بۇ ئانچە ياخشى ئادەت ئەمەس. تىۋىپ
ئالىملىرى ئۇيقۇنى كىچىك ئۆلۈم دېيىشكەن ئىدى. چۈنكى
ئادەم ئۇخلىغاندا بىھۇش بولىدۇ، ئەقلى يېپىلىدۇ. بەدەندىكى
ھىس، ھەركەت ئەمەلدىن قالىدۇ (يوقىلىدۇ)، ئادەم ئۆلۈككە
ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىۋىپ ئالىملىرى ئۇيقۇنى كى-
چىك ئۆلۈم دىگەن. ئۇيقۇ بەدەننى بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا
ئۆزگەرتىدۇ. پەيلاسوپلار، تىۋىپ ئالىملىرى ئېيتقانكى: "بەش نەر-
سە ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىدۇ، بىر شەكىلدىن يەنە بىر
شەكىلگە كەلتۈرىدۇ: (1) ھەددىدىن ئارتۇق خوشاللىق؛ (2)
ئۈشتۈمتۈت ھالدا يولۇققان قورقۇنچ؛ (3) ئارتۇقچە قايغۇ-
رۇش، غەزەپ؛ (4) ساراڭلىق؛ (5) ئۇخلاش." بۇلار ئادەمنى
دەرھال (تېز) ئۆزگەرتكۈچى نەرسىلەردۇر. ئەمما قېرىلىق ئادەم-
نىڭ سۈرەت - شەكلىنى ئۆزگەرتكۈچى بولسىمۇ، دەرھال ئۆز-
گەرتمەيدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاۋالقى توتى — ھاياتىمقا تەۋە،
ئۇيقۇ — ئۆلۈمگە تەۋەدۇر. مەسىلەن، مەس ئادەم ياكى ساراڭنى

يىراقتىن كورۇپ بىلگىلى بولىدۇكى، ئۇ — تىرىكتۇر. ئەمما ئۇخ-
لىغان كىشىنى كورگەندە ئولۇك دەپ قىياس قىلىنىدۇ، چۈنكى،
ئولۇككە ھوكۇم يوق، ئۇخلىغان ئادەمگىمۇ ھوكۇم ئىجرا قىلىن-
مايدۇ. مەلۇمدۇركى، كوپ ئۇخلاشنىڭ زەرىرى بولىغانغا ئوخ-
شاش، ئۇيقۇسىزلىقنىڭمۇ زەرىرى بار. ئەگەر بىر كىشى 72
سائەت ئۇخلىمىسا، يەنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلىمىسا،
ھالاك بولىدۇ (ئولىدۇ). ئەمدى ھەرنەرسە ئولچەم بىلەن بولۇ-
شى كېرەك. ھاممام (مۇنچا)دىن چىققاندىن كېيىن، ئوز ئو-
يۇگدە ئازراق ئۇخلاشنىڭ زەرىرى يوق، بەلكى ھوزورلۇقتۇر.
تىۋىپ ئالىملىرى دىگەنكى: بىر كېچە - كۈندۈز 24 سائەت،
ئۇنى ئۈچكە بولۇش كېرەك: ئىككى ئۈلۈشنى ئويغاقلىق ۋاقتىغا،
بىر ئۈلۈشنى ئۇخلاشقا سەرپ قىلىش كېرەك. يەنى سەككىز
سائەتنى تائەت - ئىبادەتكە ۋە ئوزىنىڭ مەئىشەتىگە سەرپ قىلى-
غاي؛ سەككىز سائەتنى يىمەك - ئىچمەككە، زەۋق - ساپا (ئارام
ئېلىش) غا سەرپ قىلغاي؛ سەككىز سائەتنى ئۇخلاپ ئارام
ئېلىشقا سەرپ قىلغاي. شۇنداق بولغاندا، ئون ئالتى سائەت
ئىچىدە بەدەنگە تەسىر قىلغان زەخمەت ۋە مۇشەققەتلەرگە تاقا-
بىل راھەت بولىدۇ، بەدەن ئەسلىگە كېلىدۇ. ئاقىللارچە ۋە
ھوكۇما، تىۋىپلارچە تىرىكلىك قىلىش ئەنە شۇدۇر. لېكىن، جا-
ھىللار مۇنداق قىلمايدۇ، ھايۋانغا ئوخشاش ئون ئىككى سائەت
ئۇخلايدۇ. ئون ئىككى سائەت ئويغاقلىقتا يۇرىدۇ. يەنى ئەتى-
گەندىن - ئاخشامغىچە ئويغاق يۇرىدۇ، ئاخشامدىن - ئەتىگىچە
ئۇخلايدۇ. ھورۇن - خوشياقماسلار بۇلاردىنمۇ يامانراقتۇر. كۈن-
دۈزنى ئۈچ ھەسسە قىلىپ، ئىككى ھەسسىسىنى ئۇخلاپ ئوت-
كۈزىدۇ، بىر ھەسسىسىنى ئويغاقلىق بىلەن ئوتكۈزىدۇ. بۇلار-
نىڭ زىيىنى ھەممىسىدىن ئارتۇق بولىدۇ. تەگرى تائالانىڭ
كېچىنى يارىتىشىدىكى سەۋەپ ھەربىر ھايات (جان) ئىگىسى
كېچىدە ئۇخلاپ راھەت تاپسۇن ۋە ئادەم پەرزەنتلىرى كۈن-
دۈزدىكى جەۋرى - جاپادىن كېچىسى ئارام ئېلىپ راھەت ئال-

سۈن دېگەنلىكتۇر. راھەت ئۈيقۇ بىلەن بولىدۇ، ئۇخلىمىسا راھەت ھاسىل بولمايدۇ. چۈنكى، ھاياتقا سەرمايە بولغان نەرسىنىڭ بىرى جان ۋە بىرى بەدەندۇر. بەدەن موقام (جاننىڭ تۇرار ئورنى) ۋە جان بەدەندە ئورۇن ئالغۇچىدۇر. بەدەن جانغا ماكان (ئورۇن) بولغان ئىكەن، جان بەدەننى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرىدۇ. جاننىڭ خىزمىتى ھەركەتلىنىش بىلەن تەنگە راھەت يەتكۈزۈشتۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆچ خاسسىيتى بار. جاننىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزىپىسى ھايات، ھەركەت ۋە يېڭىلىكتۇر. بەدەننىڭ ۋەزىپىسى ئۆلۈم، جىمجىتلىق ۋە ئېغىرلىقتۇر. بۇنىڭغا پاكىت شۇكى، بەدەن جان بىلەن تىرىك كورۇنىدۇ، ئەگەر جان كەتسە بەدەن ئۆلۈك — جەسەت بولىدۇ. بەدەننى ھەركەتلەندۈرگۈچى جاندۇر. جان كەتكەندىن كېيىن جىمجىتلىق ۋە ئېغىرلىق كۆپىيىدۇ. مۇنداق بولغاندا بەدەن بىلەن جان بىر يەردە سوھبەتداش بولىدۇ. دائىم جان بەدەننى ئۆز خۇسۇسىيىتى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. جان بەدەننى بەزىدە خىزمەت قىلدۇرىدۇ، بەزىدە راھەت ئالدۇرىدۇ. جاننىڭ بەدەنگە تەئەللۇق بىرمۇنچە ھەمسوھبەتلىرى بار. بۇ ھەمسوھبەتلەرنىڭ ۋاقتى خۇش - گۈزەل ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاشقى ھىسسى ئەزالارنىڭ ياردىمى كېرەك. ئاڭلاش، كورۇش، سوزلەش ۋە سىلاپ تۇتۇپ كورۇش — زەۋق دىيىلىدۇ. يەنە بىرى تىل بىلەن تاتلىق - ئاچچىقنى تېتىپ بىلىش قاتارلىقلار. بەدەن بىر ئويگە ئوخشايدۇ، بەدەن ئويى ئۈيقۇ بىلەن مەشغۇل بولسا، تاشقى ھىسسى ئەزالار بەدەنگە بىرىكىپ ھەركەتسىز بولىدۇ. ئەمما، جانغا تەئەللۇق يەنە بىرقانچە خىزمەتكار بار: ئۇلار ئورتاق ھىس، خىيال، پىكىر، خاتىرە كۈچى. بۇلار ئىچكى ھىس دىيىلىدۇ. بەدەن ئۈيقۇ بىلەن ھەركەتتىن توختاش سەۋەبلىك بۇ ئىچكى ئورتاق ھىسلاردا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىچكى ھىستىن بىرى پىكىر، يەنە بىرى مۇھاپىزەت (خاتىرە كۈچى). مەلۇمكى، بۇلارنىڭ پائالىيىتى بەدەنگە تەئەل-

لۇق ئەمەس. ئەگەر بەدەنگە تەئەللۇق بولسا ئىدى، ئۇيقۇ بىلەن پائالىيىتى يوقىلاتتى، چۈش كورمەيتتى ۋە كورگەن چۈشى خاتىرىدە قالمايتتى. تاشقى ھىسسىي ئەزالار بەدەنگە تەئەللۇق بولمىسا ئىدى، ئۇخلىغان ئادەم ئويغاق ئادەمگە ئوخشاش بولاتتى ۋە راھەت، ئارام ئېلىشلار ھاسىل بولمايتتى. تەڭرى ھىكمەتسىز نەرسىلەرنى ياراتمىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگەندىن كېيىن، كۈندۈزى ئۇخلاشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ئۇيقۇ بەك تەقەززا قىلسا، ئازغىنا يېتىپ ئارام ئېلىپ تۇرۇپ كېتىش كېرەك، چۈنكى ئۇخلاش — كېچىگە تەئەللۇقتۇر. كىشى كۈندۈزى ئۇخلىسا، كۈندۈزنى كېچە قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ، بۇ، ئىلمىي ھاياتقا، ھىكمەتكە مۇۋاپىق ئەمەستۇر. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كۈندۈزى بىر سالقىن يەردە ئارام ئېلىپ، كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقىپ ئوز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم. سوزلىرىمنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئادەم — ئومرىنىڭ كوپرەكىنى ئويغاقلىقتا ئوتكۈزۈشى، بەلكى تۈنىنىڭ مەلۇم مىقدارىنى ئويغاقلىقتا ئوتكۈزۈشى كېرەك. ئۇيقۇ — ئولۈمگە ئوخشاشتۇر. ئولۈم بىلەن ئۇيقۇنىڭ پەرقى: ئولۈك ئوزى خالىغان كىشىنى يېنىغا كەلتۈرۈپ ياتقۇزۇشقا قادىر ئەمەس. ئەمما ھايات ئىگىسى (تىرىك) ئادەم سويگەن كىشىسىنى يېنىغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەتلىك. مۇمكىن بولسا ئۇيقۇ ۋاقتىدا ئولپەتدىشىڭ — ھەمرايىڭ بىر دىلبەر نازىنىن ۋە ساڭا مېھرىۋان، پىداكار گۈل يۈزلۈك بولسۇنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئارام ئالساڭ ئارام-راھىتىڭ ساڭا يېڭى روھ بېغىشلايدۇ. بۇ، سېنىڭ گۈل يۈزلۈك ھالال-قانۇنىي شەرئىي جۈپتۈڭ بولۇشى كېرەك. بۇ ئىش يۇقۇرقىدەك بولمىسا، تىرىكنىڭ ئۇيقۇسى ئولۈكتىن پەرقلىق بولمايدۇ.

ئەي ئوغۇل، كېچىسى ئارام ئېلىپ ئۇخلىساڭ، قۇياش چىقماستىن بۇرۇن ئويغىنىشنى ئادەت قىل. تەڭرى پەرمانلىرىنى ئادا قىل.

# ئونتونچى باپ. مال - مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، مال - مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىشقا تىرىشقىن. لېكىن، مال - مۈلۈكلەر ھالال - توغرا يولدىن ھاسىل قىلىنىشى لازىم. مال - مۈلۈك، بايلىق ھاسىل قىلىمەن دەپ خەتەرلىك ئىشلارغا دۇچار بولما. ھەرقاچان ھالال - توغرا، خەۋپسىز يولدىن ھاسىل قىلغايسەن، ھالال - توغرا، خەۋپسىز يول بىلەن مال - مۈلۈك، بايلىق يىغساڭ، ئۆزەڭدە قالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ساۋاپلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىمكانىيەت تاپىسەن. ئەگەر ھارامدىن بايلىق ھاسىل قىلساڭ ئاقىۋەت بۇ مال - مۈلۈك، بايلىقلار قولىدىن كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋابالى (جازاسى) ساڭا قالىدۇ. ھالال يول بىلەن ھاسىل قىلغان مال - مۈلكۈڭنى ساقلاپ، توغرا يولدا سەرپ ئەتكىن، ئورۇنسىز سەرپ قىلما، ئىسراپ قىلىپ يوقىتىۋەتمە. ئەخمەقلەرنىڭ يولىغا ماڭما، چۈنكى مال - مۈلكىڭنى ساقلاش — ئۇنى توپلاشتىن مۈشكۈل. كۆپ كىشىلەر مال - دۇنيا يىغىپ، ساقلاش يولىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ھاجىتىڭگە زورۇر كەلسە، ئۆز يېنىڭدىن ئۆزەڭ قەرز ئېلىپ، يەنە ئۆز ئورنىغا قويۇشقا تىرىشقىن، خىراجىتىڭنى ئىرادەڭگە قاراپ ھېساپ بىلەن قىل، بەلكى خىراجىتىڭ ئىرادەڭدىن كەم بولسۇن. مەسىلەن، ساڭا كۈندە ئون كويچەن كىرىم بولىدىغان بولسا، توققۇز كوينى خىراجىتىڭگە سەرپ قىلىپ، بىر كوينى تېجەپ، سەرمايەڭگە قوشۇپ قوي. شۇنداق بولغاندا ھېچقاچان مۇھتاج بولمايسەن ياكى ئۈمىت قىلغان نەرسە قولۇڭغا كىرگەچە سەرمايەڭنى خىراجەت قىلىپ تۇرالايسەن. ئەگەر خىراجىتىڭنى ئىرادەڭدىن كۆپەيتىۋەتسەڭ، ھەرقانچە كۆپ غەزىنە بولسىمۇ يەتمەيدۇ. ئەي ئوغۇل، كۆڭلۈڭنى بىرنەرسىگە تامامەن باغ-

لىما، تۇيۇقسىز بىر ھادىسە، سەۋەپ بىلەن سەن كوگۇل باغلى-
غان نەرسە قولۇڭدىن كەتسە غەم - قايغۇغا قالمىغايسەن. مال -
مۇلكىڭ كوپ بولغان تەقدىردە كەمبەغەلچىلىكنى ئۇنۇتۇما. خىرا-
جىتىڭنى ھىساپ بىلەن قىل. چۇنكى، خىراجىتىنى ھىساپلاپ
ئىشلەتكەن ئاز ئاقچىسى بار ئادەم خىراجىتىنى بىلمەي، ھىساپ-
لىماي سەرپ قىلغان بايدىن ئارتۇق. خىراجىتىنى بىلىپ - ھى-
ساپلاپ قىلغان ئادەمنىڭ ھەرقاچان قولىدا ئازمۇ - كوپمۇ
مۇلكى بولىدۇ. ھىساپلىماي خىراجەت قىلغان كىشى تېز مۇھتاج-
لىققا دۇچار بولىدۇ. مال - مۇلكى بار چاغدا ئىسراپ قىلمىسا
مۇھتاجلىققا چۇشمەيدۇ. ”كىشى مال - مۇلكى بار چاغدا ئورۇنسىز ئىس-
راپ قىلىپ، كېيىن،دوستىغا مۇھتاج بولغاندىن ئىسراپ قىلماي دۇشمىنى-
گە قالدۇرغان ئەلا“. دۇشمەنگە قالسا قالسۇنكى، دوستقا مۇھتاج بولما!

دانالار ئېيتقانكى: ”جەمئى قىلىغن ماللارنى، ياخشى ئاس-
راپ ساقلىغىن.

دۇشمىنىڭگە قالسا قالسۇن، دوستقا مۇھتاج بولمىغىن“.

قولۇڭغا بىرنەرسە كەلسە، بۇ ئاز ئىكەن، بۇنىڭدىن نىمە
ھاسىل بولار؟ دىمە. ئاز نەرسىنى ساقلىيالمىغان كىشى كوپ نەر-
سىنى ساقلىيالمايدۇ. بىر دوستۇڭ ياكى بىر كىشى مال - مۇل-
كىنى ياكى بىرەر خىزمىتىنى تاپشۇرسا ۋە ئامانەت قىلسا، ئوز
مال - مۇلكۇڭ، ئوز ئىشىڭغا ئوخشاش كورۇپ ساقلا ۋە بېجىر-
گىن، بەلكى ئوز مۇلكىڭ، ئوز ئىشىڭدىن ياخشىراق - ئارتۇق-
راق مۇھاپىزەت قىلغىن ۋە بېجىرگىن. سىنىڭ مال - مولكۇڭنى-
مۇ تەگرى ساقلايدۇ. خەلق ئارىسىدا ئىشەنچلىك ئامانەت ساقلى-
غۇچى ۋە دىنىدارلىق بىلەن مەشھۇر بولىسەن. ئەي ئوغۇل،
ھورۇن - خوشياقماس، لەقۋا بولما. چۇنكى ھورۇنلۇق، ئا-
جىزلىق ۋە خوشياقماسلىق قاتتىق نومۇستۇر، ئۇ بەختسىزلىكنىڭ
ئالامىتىدۇر. جاپاسى كوپ ئىشنىڭ پايدىسىمۇ كوپ بولىدۇ.
مۇشەققىتى ئاز بولغان ئىشنىڭ پايدىسىمۇ ئاز بولىدۇ. مۇشەق-
قەت چېكىپ، غەيرەت قىلىپ بىرنەرسە ھاسىل قىلساڭ توغرا

يولغا سەرپ قىل، مۇشەققەتلىرىڭ زايا بولمىسۇن، قەدىرلىك نەرسەڭنى قەدىرلىك ئادەمىڭ سورىسا ئايىما ۋە قىزغانما. چۈنكى، ھەرقانداق قەدىرلىك نەرسەڭ بولسا، ئۆزەڭ بىلەن بىر قەبرىگە بىللە بارمايدۇ. قولۇڭدا بار نەرسىگە قانائەت قىل، چۈنكى قانائەت بىر غەزىنىدۇركى، ھېچقاچان تۈگىمەيدۇ. كوپ ھېرىس (ئاچكوز، تويماس)، تاماگەر بولما، خەلق بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، تاتلىق سوزلۇك، گۈزەل ئەخلاقلىق بولغىن. خەلققە شەپقەت قىلغۇچى - مېھرىۋان بول، خەلق تەرىپىدىن ساڭا ياخشى بىر ئىش بۇيرۇلسا، ئۇنى بېجىرىشكە ئىجتىھات قىل، خەلق بۇيرۇغان ياخشى ئىشقا قارشىلىق كورسەتمە، ئالەمدە نامىڭ ياخشىلىق بىلەن مەشھۇر بولىدۇ. ياخشى ئىش قىلمىغان ئادەمنىڭ خەلق ئارىسىدا ھورمىتى بولمايدۇ. قانائەتچان بولغان، خەلققە يۈك بولمىغان، يەنى خەلققە ئېھتىياجىنى چۈشۈرمىگەن ئادەم خەلق ئارىسىدا ئېتىۋارلىق بولىدۇ، سوزى ھەممىگە مەقبۇل بولىدۇ، ھەرقانچە باي بولسىمۇ قانائەتسىز كىشىنىڭ ئېتىۋارى بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئادەم گاداي ھېساپلىنىدۇ، سوزى مەقبۇل بولمايدۇ. ھەرنەرسىنىڭ بىر زىننىتى بار؛ بايلارنىڭ زىننىتى ۋە بېزىگى يوقسۇللارغا خەيرى - ئېھسان، مەدەتكارلىق قىلىشتۇر. ھەركىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىنئام - ئېھسان قىلىشقا تىرىشقىن، سەدىقە ۋە زاكات بېرىشتە بېخىللىق قىلما، بۇ ئىشلاردا ئىسراپچىلىقمۇ قىلما. ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ئاللا ياخشى كورمەيدۇ. ئاللا تائالا ئىسراپچىلىقنى مەنئى قىلىپ: "يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار" دىگەن. ئەلۋەتتە ئاللا تائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ. سەن ھېچقاچان ئىسراپ قىلغۇچىلاردىن بولما، ھەتتا ئىسراپخورلار بىلەن ھەمسوھبەتتىمۇ بولما. چۈنكى، ئاپەت كەلسە بىر سەۋەپ بىلەن كېلىدۇ؛ كەمبەغەللىكنىڭ بىر سەۋەۋى ئىسراپچىلىق. بۇ، ئاپەتتۇر. كىشى ئۆزىگە لازىم ۋە زورۇر بولغان ئورۇنغا سەرپ قىلسا، بۇ ئىسراپ بولمايدۇ. بىھۇدە ۋە شەرىئەتكە

خىلاپ ئورۇنغا سەرپ قىلسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيانكار بو-
لىدۇ. ئىسراپچىلىق — ئىقتىسادىي نەرسىلەردىلا ئەمەس، بەلكى
سوزدە، يۈرۈش - تۇرۇشتا، يېمەك - ئىچمەكتە، ئۆي ئىشلىرى-
دا، كىيىم - كېچەك، ۋاقىتتا بولىدۇ. ھەممە ئىشتا موتىدىل (نور-
مال) بولۇش كېرەك. ئەي ئوغۇل، "ئىسراپ بولىدۇ" دەپ تىرىك-
چىلىكتە تارلىق، بېخىللىقنى ئادەت قىلما، ئۆزەڭدىن قىزغانىما
(ئۆزەڭگە بېخىللىق قىلما)، ئاچچىق ھالەت بىلەن تۇرمۇش
كەچۈرمە. تۇرمۇشنى ئىمكانىيەت، ئىقتىدارىڭنىڭ يېتىشىچە خۇش
ئۆتكۈزگىن، ئۆز جېنىڭنى ئاسرا، جېنىڭدىن ئەزىز نەرسەڭ يوق.
نەسىھەتىمنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئىسراپخورمۇ، بېخىلمۇ بولما،
مال - مۈلكۈڭدىن بىرەرنەرسىنى بىر كىشىگە ئامانەت قويساڭ،
ئىسراپخور ئادەمگە تۇتتۇرما. بېخىل، باي ئادەمگە ئامانەت قوي-
ساڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئىسراپخور ئادەم گەرچە مۇھتاج بولمى-
سىمۇ، سېنىڭ ئامانەت قويغان مۈلكۈڭنى زايا قىلىۋېتىش ئېھ-
تىمالى بار. ئەمما بېخىل سېنىڭ مېلىڭنىمۇ ئۆز مۈلكىدەك ساق-
لايدۇ. يەنە قىمارۋاز، ھاراق - شاراپ ئىچكۈچى كىشىلەرگە
ئامانەت قويما. ئەي ئوغۇل، دۇنيادا ئىككى نەرسە بار: بىرى
راھەت، بىرى مېھنەت. خەلق بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىدىن
قاچىدۇ، بىرىنى ئىزلەيدۇ. ئەمما ھەر ئىككىسى ئادەم بىلەن
بىللە مەۋجۇتتۇر، يەنى ئادەمدىن ئايرىلمايدۇ. چۈنكى، مېھنەت-
جاپاسىز راھەت بولمايدۇ، راھەتسىز مېھنەت بولمايدۇ. بۇ نەر-
سىلەر بىر - بىرىگە تايىنىدۇ. بىراۋغا راھەت بولغان نەرسە
ئىككىنچى بىراۋغا مېھنەت بولۇپ دۇچكېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسى-
چە، بىر كىشىگە دۇنيا جەھەتتىن مۇشەققەت ۋە جاپا كەلسە،
كېيىن بايلىق راھىتىنى كورىدۇ. ئەمما مېھنەت - مۇشەققەت
تارتماي راھەتكە ئېرىشسە، يوقسۇللۇق مېھنىتىنى تارتىدۇ. بۇ-
گۈنكى مېھنەت — ئەتىنىڭ راھىتىدۇر. بۈگۈنكى راھەت — ئەتە
مېھنەتكە ئايلىنىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئەھۋالىنىمۇ شۇنىڭغا
قىياس قىلىش كېرەك. ئەي ئوغۇل، دۇنيادا راھەتلىك ئۆتەي

دىسەڭ، ھۈنەر - كەسىپ ۋاستىسى بىلەن ھالالىدىن (تۇغرا يولدىن) ھاسىل قىلغان نەرسەڭنىڭ بىر مىقدارىنى تۇرمۇشۇڭغا سەرپ قىلىپ، يەنە بىر مىقدارىنى ئىقتىسات قىلىپ ساقلا، ئېھتىياجلىق كۈنلىرىڭدە ئىشقا يارايدۇ. ئەگەر ئۆزەمنى باشقۇرالمايمەن دىسەڭ، يوقالماس، چىرىمەس بىر نەرسە ئېلىپ ساقلا. كېرەك بولغاندا باھاسى كېمەيدىغان بولسۇن. مەسىلەن، لەئىل-ياقۇت، ئىنجۇ، ئالتۇن، كۈمۈش ياكى يەر، سۇ، ئورمان، ئۆي - ئىمارەتكە ئوخشاش نەرسىلەر. مۇنداق نەرسىلەر ساقلىنىپ قالىدۇ. ئېھتىياجلىق بولغاندا سېتىپ خىراجىتىڭگە سەرپ قىلىسەن. ئېھتىياجلىق بولساڭمۇ ئابرويىڭغا نۇقسان يېتىدىغان نەرسىنى ساتما، خەلق ئىچىدە ھۆرمىتىڭ بۇزۇلمىسۇن. ئەي ئوغۇل، قەرز ئېلىشقا ھەۋەس قىلما، ئۇسۇم بىلەن قەرزدار بولما. بۇ ئىشلار ئادەمنى خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ھۆرمەتسىز قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، كىمگە قەرزدار بولساڭ، ئۇنىڭغا قۇل بولىسەن ۋە ئۆز - ئۆزەڭگە زۇلۇم قىلغان بولىسەن. شۇنداقلا كىشىگە قەرز پۇل بەرمە. خۇسۇسەن دوستۇڭغا قەرز بەرمە. چۈنكى، دوستۇڭ ئۆزىنى بىلىپ ۋاقتىدا بەرمىسە، تەكرار سوراش كېرەك بولىدۇ، سورىساڭ رەنجىيدۇ، دوستلۇق بۇزۇلىدۇ. ئەگەر دوستۇڭغا قەرز بەرسەڭ ئۆزەمنىڭ دەپ بىلمە، ئۆزى بەرسە سەرپ قىل، بەرمىسە سوراپ ئېلىپ دوستلۇققا نۇقسان يەتكۈزمە. دوستنى دۈشمەن قىلىش — نادانلارنىڭ ئىشى. ئەي ئوغۇل، ئومۇمەن قولۇڭدىن كەلگەن ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىشقا سازاۋەر ئادەملەردىن ئايىما. كىشىنىڭ مال - مۈلكىدىن تامايىڭ بولمىسۇن. مۇنداق سۈپەت بىلەن ئۆزەڭنى تۇتالىساڭ، خەلق ئارىسىدا ئىپپەت (نامۇس) لۇق، ئىشەنچلىك تونۇلۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەدھىيلەشكە ئېرىشىسەن.

# ئون بەشىنچى باپ. ئامانەت ساقلاش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، بىر كىشى ساڭا ئامانەت قويۇشنى خالىسا، ئامانەتنى ئالما. ئامانەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزەڭگە بالا يۈكلىمە. چۈنكى، ئامانەتنى ساقلىماق بىر بالايى - ئاپەتتۇر. بۇ ئىش 3 ھالدىن خالى بولمايدۇ: بىرى، ئامانەتنى ئۆز مال - مۈلكۈڭدىن ئارتۇق كۆرۈپ ساقلاش ئۈچۈن جەۋرى - جاپا چېكىسەن ۋە ئىگىسى تەلەپ قىلغاندا تاپشۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيسەن. يەنە بىرى، نىيەت (ئىدىيەڭ) بۇزۇلسا، خام تاماگەرلىك قىلىپ ئامانەتنى ئىنكار قىلىسەن ياكى ئامانەت بىرەر سەۋەپ بىلەن زايا بولسا، جاۋابكەرلىق ۋە ئۇياتقا قالىسەن. بۇ ئۈچ ھالنى ساڭا بايان قىلايكى: بىرىنچى، ئامانەتنى ياخشى ساقلاپ، ئىگىسى تەلەپ قىلغاندا تاپشۇرساڭ، ئاللانىڭ: "سىلەر ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇڭلار" دېگەن ئايىتى بويىچە ئاللانىڭ ئەمرىنى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرگەن بولىسەن. ئامانەت ساقلاش — ئاسان ئىش ئەمەس، ئەگەر زۆرۈر كېلىپ ئامانەت قوبۇل قىلساڭ، ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ ھەرگىز خىيانەت قىلما. ھەتتاكى، كىشىلەرگە مۇرۇۋۋەت قىلىشتىن ئازراق ھەسسىسى بار ئوغرىمۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

بىر باي سەھەر ۋاقتىدا ھاممام (مۇنچا) غا كېتىۋاتقاندا بىر دوستىغا ئۇچراپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: "دوستۇم، بارمۇسىز؟ ياخشى يەردە ئۇچراشتۇق. مەن مۇنچىغا كېتىۋاتىمەن، بىللە بارايلى" دەپتۇ. ئۇ دوستى: "بولىدۇ بۇرادەر، مەن سىز بىلەن ھاممامغىچە بىللە باراي، لېكىن ھاممامغا كىرمەيمەن، ئىشىم بار" دەپتۇ. ئاخىرى بۇ ئىككى دوست بىللە مېڭىپتۇ. ھېلىقى دوست ھاممامغا يەتمەستىنلا ئىككىنچى بىر كوچىغا كىرىپ كېتىپتۇ، تېخى

قاراڭغۇ بولغاچقا، بۇ كىشى دوستىنىڭ قايسى كوچىغا كىـ
رىپ كەتكىنىنى كورمەي قاپتۇ. دەل شۇ يەردە بايغا بىر ھەييار
ئوغىرى يولۇقۇپتۇ. باي بۇ ئوغرىنى ئۆزىنىڭ دوسـ
تى دەپ خىيال قىلىپ: "يېنىمدىكى يۈز سەر ئالتۇنۇمنى سەن
ساقلاپ تۇرغىن، ھاممامدا ئوغرى ئېلىۋالمىسۇن" دەپ ئامانەت
بېرىپتۇ. ئۇ ئوغرى بايناڭ يۈز سەر ئالتۇننى ئېلىپ،
باي ھاممامدىن چىققىچە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.
لېكىن باي ئوغرىنى تونۇماي ئوتۇپ كېتىپتۇ. ئوغرى باينى
چاقىرىپ:
— ئەي باي، بۇ ئامانىتىڭىزنى ئېلىڭ، — دەپتۇ.
— قايسى ئامانەتنى؟ — دەپتۇ باي.
— سىز ھاممامغا كىرىش ئالدىدا، — دەپتۇ ئوغرى، — ماڭا
تاپشۇرغان ئامانەت. ئۇ يۈز سەر ئالتۇننى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە:
— ئەي باي، سىزنىڭ ئامانىتىڭىزنى ساقلايمەن دەپ ئۆز ھەر
كىشىمدىن قالدىم، بىرنەرسە تاپالمىدىم، — دەپتۇ.
— قانداق ئىشىڭدىن قالدىڭ؟
— ھەييارلىق ۋە ئوغرىلىق ئىشىمدىن قالدىم؛ ھەر كۈنى
سەھەر ۋاقتىدا چىقىپ ئوغرىلىق قىلىپ بىرنەرسە تاپاتتىم.
باي بۇ سوزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ دەپتۇكى:
— ئۇنداق بولسا نىمە ئۈچۈن بۇ ئالتۇننى ئېلىپ كەتمىدىڭ؟
— ئەگەر بۇ ئالتۇنلارنى، — دەپتۇ ئوغرى، — ئۆز ھۈنىرىم
بىلەن ئالغان بولسام بەرمەي ئېلىپ كېتىۋېرەتتىم. ئەمما سىز
ماڭا ئامانەت قويدىڭىز، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش — مەرتلىك
ئەمەس - دە!
— سېنىڭ مۇرۇۋۋىتىڭ ئۈچۈن، — دەپتۇ باي، — بۇ يۈز سەر
ئالتۇننى ساڭا بەردىم، ساڭا ھالال بولسۇن.
ئەي ئوغۇل، سەن دىندارلىق ۋە ھەققانىيەتنىڭ ئىگىسىمەن
دەپ يۈرۈپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىشنى قانداقمۇ راۋا كورـ
سەن. ئىككىنچى، مۇبادا بىراۋنىڭ ئامانىتى قولۇڭدا زايا

بولۇپ يوقالسا، ئامانەت ئىگىسىگە "ئامانىتىڭ يوقالدى" دەپ قانداقمۇ ئېيتالايسەن؟ ھەرقانچە دەلىل - ئىسپات كورسەتسەڭمۇ ئىشەنمەيدۇ. خىيانەتكارلىق بىلەن توھمەتلىنىسەن ياكى قازى - ھاكىملار ئالدىدا نىمە ئۈچۈن ياخشى ساقلىمىدىڭ، دىيىلىپ، ئامانەتنى تولەشكە مەجبۇر بولىسەن. ئۈچىنچى، ئەگەر ئامانەتكە خىيانەت قىلساڭ، ھوكۇمەت سىنى قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇپ تولىتىدۇ، خەلق ئارىسىدا بەتنامغا قالىسەن. ئەگەر ئوزەڭدە قالسا، ياخشى ئاقىۋەت كورمديسەن. تەڭرى ئالدىدا قارا يۈز- بولىسەن. ئەي ئوغۇل، بىر كىشىگە ئامانەت قويۇشنى خالىساڭ، ھەرگىز ئادەم يوق يەردە بەرمە. مېنىڭ مال - مۈلكۈمنىڭ بارلىقىنى كىشلەر بىلمىسۇن دىمە. ھەرچاقان كىشىگە ئامانەت قويساڭ، بىرقانچە دىيانەتلىك، ئىناۋەتلىك مۇسۇلمان كىشلەرنى گۇۋا قىلىپ ئامانەت قويغىن، ئامانىتىڭنى ھوججەتسىزمۇ قايتۇرۇپ ئالالايسەن، ھەرقانداق ئىشىڭنى پۇختا ئىشلە، سەل چاغلىما، قەسەم قىلىشنى ئادەت قىلما، راست ئىش ئۈچۈن بولسىمۇ قەسەم قىلما. چۈنكى، خەلق ئارىسىدا "قەسەم ئىچىش" بىلەن شوھرەت چىقارمىغايسەن. ئەگەر سەن يوقسۇل بولساڭ، قەسەم ئىچسەڭمۇ ئىشەنمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، كىشلەرنى ئالدىغۇچى بولما، ئالدانغۇچىمۇ بولما. كىشىنى ئالدىماق ۋە كىشىگە ئالدانماقنىڭ ھەر ئىككىسى يامان ئىش. ئېلىش - بېرىشتە كىشى كوپ ئالدىنىدۇ ياكى ئالدايدۇ. بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە ساقلىنىش لازىم.

## ئون ئالتىنچى باپ. ئوي - جاي ۋە باغچا سېتىۋېلىش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ئوز مۈلكۈڭ ئۈچۈن ئوي - جاي ئالماقچى بولساڭ، ئوي - جاي كاسات (ئەرزان) بولغاندا سېتىۋال، باھا-

سى ئۇسكەندە سات. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئۆز پايدىسىنى كۆزلىشى ئەيىپلىك ئەمەس. ھەرنەرسە سېتىۋالساڭ ياخشىسىنى ئال. ياخشى نەرسىدە پايدا ئۈمىدى بار. پايدىسىنى بىلمەي تۇرۇپ بىرنەرسە ئالما. ھەر ئىشتا پايداڭنى كۆزلەت، بىپەرۋا بولما. ئالىملار دېگەنكى: "بەلگىلەش — تىجارەتنىڭ يېرىمى". بىرنەرسىنىڭ پايدا - زىيىنىنى ئالدىن بەلگىلەش لازىم. ھەر نەرسە ئالساڭ پايدىلىقمۇ، زىيانلىقمۇ، ئۆز سەرمايەڭگە قاراپ بەلگىلە، يەنى ئاز نەرسىدىن كوپ پايدىسىنى ئۈمىت قىلما. ئاز پايدىغا رازى بولمىغان ئادەم كوپ زىيانغا ئۇچرايدۇ. كوپ زىيان تارتقان كىشى تېز كەمبەغەل بولىدۇ. كوپ پايدا ئېلىشنى ئۈمىت قىلغان نەرسىدىن زىيان تارتمايمەن دېسەڭ، ھەسەتخور - كۈندەش بولما، تاماخورلۇق قىلما. ھەر ئىشتا سەۋرى قىل، ئالدىرىما، سەۋرى — ئىككىنچى ئەقىلدۇر. ھەرقانداق ئىشتا بىپەرۋا بولما، بىپەرۋالىق — ئەخمەقلىقتۇر. ھەرقانداق ئىشتا ئۆزەڭنى تاشلىۋەتمە، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئالدى - ئارقىسىنى ھېساپلاپ قىل. ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ كېيىن پۇشايمان يېمە. بىر ئىشىڭنىڭ يولى باغلانسا، ئېچىشقا تىرىشقىن. ئۇنىڭ سەۋەپلىرىنى تەتقىق قىل. سالماقلىق بىلەن ئىشلە. ئالدىراش، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش بىلەن يامان ئىش ياخشىلىققا ئۆزگەرمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، بۇ نەسىھەتلەرنى بىلگىنىڭدىن كېيىن، ئوي - جاي ئېلىشنى نىيەت قىلساڭ شۇنداق ئورۇندىن ئېلىشىڭ كېرەككى، خوشنىلىرى ياخشى كىشىلەر بولسۇن. شەھەر چېتىدىن ئالما، ئىلاج بولسا، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئال. خوشنىلىرىغا دىققەت قىل. خەلق ئىچىدە: "ئالدى بىلەن خوشنىنى كورۇپ ئاندىن ئوي - جاي ئال" دېگەن گەپ بار. ئويلانماي ئوي، - جاي ئالساڭ، خوشنىلىرىڭ يامان چىقىپ قالسا، ئوي - جايىڭنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىسەن. شۇنداق ئوي - جاي بانچا ئالغىنىڭكى، مەھەللەڭدە ئۇلۇغ، دانىشمەن ئادەملەر، تورە - ئىشانلار بولمىسۇن. پادىشالارغا مەنسۇپ ئادەملەر بولمىسۇن. خوشنى-

لىرىڭ ئەخلاقلىق، ئىنساپلىق، ياخشى كىشىلەر بولسۇن. ئەگەر ياخشى خوشنىلىرى بار جايدىن ئۆي - جاي، باغچا سېتىۋېلىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالساڭ، خوشنىلىرىڭغا ناھايىتى ھۆرمەت قىل. خوشنىلارغا ھۆرمەت قىلىش — خوشنىلارنىڭ ھەققىدۇر. مەھەللە ئادەملىرى ۋە خوشنىلىرىڭ بىلەن گۈزەل، ياخشى تىرىكچىلىك قىل. خوشنىلىرىڭ ئاغرىپ قالسا يوقلاپ تۇرغىن، ۋاپات بولسا ئۆلۈمنى ئۇزىتىش مۇراسىملىرىغا قاتناشقىن، ياخشى ئىشلىرىنى قوللا، خۇشاللىقىغا خۇشال بول، قايغۇلىرىغا قايغۇلۇق بول. قولۇڭدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىل. يېمەك - ئىچمەك، كىيمەك قاتارلىق نەرسىلەردە خوشنىلىرىڭدىن قىزغانما. ئەگەر خوشنىلىرىڭ بىلەن يۇقۇرقىدەك تۇرمۇش كەچۈرسەڭ، شۇ مەھەللىنىڭ ئۇلۇغ ئادىمى سەن بولىسەن. خوشنىلىرىڭنىڭ بالىلىرىنى كۆرسەڭ، شەپقەت ۋە مېھرىۋانلىق كۆرسەت، قېرىلىرىغا ھۆرمەت قىل. مەھەللە جامائىتىنىڭ مەسچىتىگە بار، چەت مەھەللە مەسچىتلىرىگە بارما. مەھەللىنىڭ ئىمام ۋە پېشىۋالىرىغا ھۆرمەت قىل. سەن خەلق ئالدىدا ياخشى مۇئامىلىدە بولساڭ، خەلقمۇ سەن بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ. خەلققە يامانلىق قىلساڭ، يامانلىققا تاقابىل مۇئامىلىدە بولىدۇ. يامان ھەركەتتە بولما، يامان سۆزلەرنى سۆزلىمە. ھەر كىم يامان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسا، يامان ئىشقا دۇچ كېلىدۇ. يامان سۆز سۆزلىسە، يامان سۆز ئاڭلايدۇ. خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ غەيۋىتى سۆزلىنىدۇ. بىر شەھەردە ۋەتەن تۇتۇپ تۇراي دېسەڭ، چوڭ شەھەردە تۇر. بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى، سۈيى ياخشى، تەبىئىتىگە مۇۋاپىق بولسۇن. ئالغان ئۆي - جايىڭنىڭ ئىھاتىسى (ئەتراپى) مۇستەھكەم بولسۇن. كىشىنىڭ ئۆيلىرىگە قارىتا تەنە - تاپىلىرىڭ بولمىسۇن، چۈنكى، خوشنىلىرىڭ سەندىن رەنجىپ قالمىسۇن. ۋارىسلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمىغان ئۆي - جاي، باغچىلارنى ئالما. چۈنكى، دەۋاسىز، شەك - شۈبھىسىز بولغان ئۆي - جاي، باغچا ساڭا مۈلۈك بولىدۇ. ئالغان ئۆي - جاي، باغچىلىرىڭنىڭ ئىمارىتىنى

تۇزەپ ياخشىلاشقا تىرىشقىن. بىنالىرىڭنى ياخشىلىساڭ قىممىتى ئارتۇق بولىدۇ. چۈنكى، خاراپ بولغان ئۆي - جاي، باغچا سەھراغا ئوخشايدۇ، ھەرقانچە زور سەھراغا ئىگە بولساڭمۇ مەھسۇلاتى، پايدىسى يۇقۇرى بولمايدۇ.

## ئون يەتتىنچى باپ. خوتۇن ئېلىش ھەققىدە

بىلگىنكى، ھەرقاچان خوتۇن ئالساڭ خوتۇنۇڭنى ھۆرمەت قىل ۋە ھەرقانچە قەدىرلىسەڭ نەرسەڭ بولسىمۇ ساڭا ئىتائەت قىلغان، ئاقكۆڭۈل، توغرا يوللۇق خوتۇنۇڭ ۋە ئوغلۇڭدىن ئايىما، قىزغانما. خوتۇن ئېلىشتا خوتۇننىڭ مال - مۈلكىدىن، پۇلىدىن بىرنەرسە ئېلىشنى ئىزلىمە ۋە خوتۇنىنىڭ تولىمۇ گۈزەللىكىنى ئىزلىمە. چۈنكى، گۈزەللەر كۆپىنچە ھاللاردا ئويناش (ئاشنا تۇتۇش) نى ئىزلەيدۇ. ئالغان خوتۇنۇڭ شۇنداق بولسۇنكى، يارىماس ئادەملەردىن يۈزى پاك ۋە دىنى پاك بولسۇن، قورا-مى ئوتتۇرا ياشلىق ۋە خوتۇنلۇقتا، ئۆي تۇتۇشقا لاياقەتلىك بولسۇن. ئۆي ئىشلىرىنى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھالال يولداشىنى سويگۈچى، ھايالىق، نومۇسلۇق، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى بولسۇن. بۇ سۈپەتكە لايىق بولغان خوتۇن يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى بولىدۇ. يەنە، ئۆز مەرتىۋەڭدىن يۇقۇرى، ئۆزەڭدىن باي خوتۇننى ئالما، تاكى خوتۇنۇڭ ئالدىدا تۆۋەن ئورۇندا بولمىغايسەن. ئەگەر ئەرگە تەگمىگەن قىزنى ئېلىش مۇمكىن بولسا، قىز ئېلىش ئەۋزەل، ئەردىن قالغان تۇل خوتۇننى ئالما. چۈنكى، قىزنىڭ كۆڭلىدە سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن باشقا ئەرنىڭ مۇھەببىتى بولمايدۇ، باشقىلارنىمۇ ساڭا ئوخشاش دەپ بىلىدۇ، باشقىلارنى تاما قىلمايدۇ، ئارزۇ قىلمايدۇ. ھەر خوتۇن-كى، ئاقىلە (ئەقىللىق) بولمىسا، ساڭا تىل ئۇزىتىپ، سەندىن ئارتۇقلۇق - ئۈستۈنلۈكنى دەۋا قىلىدۇ. مۇنداق خوتۇندىن قې-

چىش كېرەك. ئالىملار ئېيتقانىكى: "ئەر كىشى بىر بۇلاقغا ئوخشايدۇ، ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك خوتۇن يەرگە ئوخشايدۇ". ئەر كەسىپ قىلىپ تاپقان نەرسىلەر يەرگە سىڭ يىغىلىپ كول بولغاندەك خوتۇن قولىغا يىغىلىدۇ. لېكىن، خوتۇن سىنى باشقۇرۇپ، سىنىڭ رىزىق - ئوزۇق ۋە تەسەررۇپلىرىڭنى قولىغا ئېلىۋالمىسۇن، توسالغۇ بولمىسۇن. ئەگەر خوتۇن سىنىڭ ئىگىلىگىڭنى ئېلىۋېلىپ، سىنى ئىگە قىلمىسا ۋە ئوز مال - مۈلكىڭگە سوزۇڭ ئوتمىسە، خوتۇنىڭ قولىغا قاراپ قالساڭ، بۇ ئەرلىك ئورنۇڭنى يوقاتقىنىڭدۇر. سەن خوتۇن بولىسەن، خوتۇنۇڭ ئەر بولىدۇ. بۇ هال ساڭا بۇ دۇنيادا، خوتۇنغا ئۇ دۇنيادا خارلىق كەلتۇرىدۇ. كىشى ئوزىنىڭ خوتۇنىدىن مەغلۇپ بولسا، بۇ غەيرەتسىزلىكتۇر. مەشهۇر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە: "ئىران شاهى دارانىڭ قىزى شۇنچىلا گۈزەل نازىنىن تۇرسا، نىمە ئۇچۇن ئۇنى ئالمايسەن؟" دېيىلگەندە، ئىسكەندەر: "بۇ، چوڭ ئەيىپ ئىشتۇر، مەن پۈتۈن ئالەم ئەرلىرىدىن غەلىبە قىلدىم، بىر خوتۇن ماڭا غالىپ كەلسە، ماڭا هوكۇمرانلىق قىلسا، بۇ، ئەر ئۇچۇن كوتىرىپ تۇرۇشقا بولىدىغان ئىش ئەمەس" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئەي ئوغۇل، خوتۇنۇڭ بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق بولۇشى لازىم. ئۇ، ئوي تۇتۇش يوللىرىنى بىلسۇن. بەك ياش، بويىغا يېتەر - يەتمىگەن كىچىك قىزنى ئالما. چۈنكى، مەرت ئادەملەر خوتۇننى ئوي ئىشلىرىنى (ئائىلىنى) ياخشىلاش ئۇچۇن ئالىدۇ. پەقەت جىما (شەهۋانى ئارزۇ) ئۇچۇنلا ئالمايدۇ. ئالغان قىز، خوتۇنۇڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ، مەكتەپىنىڭ توغرا تەربىيىسىنى ئالغان، ئوي تۇتۇش تەدبىرلىرىنى ئۈگەنگەن بولسۇن. مۇنداق قىز، خوتۇن قولۇڭغا كىرەر بولسا، ئۇنى ئىپلىشتا بىپەرۋالىق قىلما، هېچ ۋاقىت خوتۇنۇڭغا يامانلىق قىلما. خوتۇنۇڭ ۋە ئائىلە تاۋاباتىڭنى خوش تۇتۇشۇڭ كېرەك. خوتۇنۇڭمۇ سىنى ئاتا - ئانىسى ئورنىدا كورۇپ مۇهەببەت باغلىسۇن. ساڭا ئىززەت ۋە هورمەت قىلسۇن. ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشى دوست بولمايدۇ. ئەگەر

خوتۇنۇڭغا قاتتىقلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلساڭ، ساڭا ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن بولمايدۇ. يات دۈشمەندىن ساقلىنىش مۇمكىن، ئەمما خوتۇنۇڭ بىلەن ئوتتۇراڭدا دۈشمەنلىك بولسا ساقلىنىش مۇشكۈل.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر قىز ئالساڭ غايەت مۇشتاق بولۇپ، ھەر كېچىسى جىما قىلما. خوتۇنۇڭ "ئەرلەرنىڭ ئادىتى ھەر كېچىسى جىما قىلىش ئىكەن" دەپ، بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالمىسۇن. مۇبادا ساڭا بىر زورۇرىيەت كېلىپ قالسا ياكى سەپەرگە كەتسەڭ، سەن قايتىپ كەلگىچە ھەر كېچىسى جىماغا ئادەتلەنگەن خوتۇن ئۈچۈن يالغۇزلۇق ئېغىر كېلىدۇ. يەنى ئادىتى بويىچە ھەر كېچىسى جىما قىلدۇرۇشنى ئىزلەيدۇ. مۇنداق ۋەقە يۈز بېرىشتىن تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. ھەر ھالدا ئەرلىك غورۇرىنى ساقلىغايسەن. غەيرەتسىز ۋە ھىممەتسىز قاتارىغا كىرىپ قالما. ھەر كىمنىڭ غەيرىتى يوق بولىدىكەن، دىنىمۇ يوقتۇر. "كىمنىڭ غەيرىتى يوقتۇر، دىنى ھەم يوقتۇر" دېيىلگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. ھەقىقى سادىق ھەم مېھرىۋان، ياخشى سۈپەتلىك خوتۇنۇڭ بولسا، ئوغۇل، قىز پەرزەنتىڭنى قانداق تەربىيىلەش كېرەك؟

## ئون سەككىزىنچى باپ. پەرزەنت تەربىيىلەش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ئەگەر پەرزەنتىڭ بولسا، بىرىنچى زورۇر ئىش ياخشى ئىسىم قويۇش. چۈنكى، پەرزەنتىڭنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلەردىن بىرى، پەرزەنتىڭگە گۈزەل-ياخشى مەنالىق ئىسىم قويۇشتۇر. ئىككىنچى، ئىمكانىيەت بولسا، بالىنى ئەقىللىق ۋە مېھرىۋان تەربىيىچى خوتۇنغا تاپشۇرۇش. ئوغۇل بولسا، خەتنە قىلدۇرۇش لازىم. ئاندىن كېيىن بىر مۇئەللىمگە تاپشۇ-

رۇپ ئوقۇتۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بىر ماھىر ئۇستازغا تاپشۇرۇپ، ھەربى تەلىم - تەربىيە ئالدۇرغايسەن. جۇملىدىن ئاتقا مىنىش، ئوق ئېتىش، نەيزە سانچىش، قىلىچ چېپىشنى، مىلتىق ئېتىش قاتارلىقنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك. بۇ پەنلەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، سۇدا ئۈزۈشنى ئۆگەتكەيسەن.

ئەي ئوغۇل، مەن ئون يېشىمدا ئىدىم (ئاپتور ئۆزىگە قارىتىدۇ)، مېنى ئاتام ئەبۇ مەنزەر ئىسىملىك بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ، ھەربى مەشقلەرنى ئۆگەتكەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۇستازىم كېلىپ ئاتامغا: بۇ ئوغۇلغا ھەربى تەربىيىدىن ھەممە پەننى ئۆگەتتىم. ئەمدى شىكار (ئوۋ) غا چىقىشقا بۇيرۇسىڭىز، ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرىنى سىزگە كۆرسەتسۇن، دېدى. ئاتام ئاتلىنىپ شىكارغا چىقتى. مەن ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرىمنى ئاتامغا كۆرسەتتىم. ئاتام مەزكۇر ئۇستازىمغا مۇكاپات بېرىپ، تون - سەرپاي كىيدۈردى. ئاتام ئۇستازىم ئەبۇ مەنزەرگە: "ئەي ئەبۇ مەنزەر، ھەممە ھۈنەرلەرنى ئوغلۇمغا ئۆگىتىپسەن، ياخشى ئۆگىنىپتۇ، بۇ ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن زورۇر بىر ھۈنەر قاپتۇ. ئۇ ھۈنەر سۇ ئۈزۈش. بولەك ماھارەت، ھۈنەرلەرنى ئوغلۇم قىلمىسا باشقىلار قىلىسىمۇ بولىدۇ، ھەر كىم سۇ ئۈزۈشنى ئۆزى بىلمىسە، باشقا كىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىپ بەرمەيدۇ. باشقىلار قىلسا ئوغلۇمغا پايدىسى يوق. سوقۇش ۋاقىتلىرىدا ياكى سەپەردە ھەر كىشى سۇ ئۈزۈشنى ئۆزى بىلمىسە، كىشىلەرنىڭ بىلگىنى ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزمەيدۇ" دېدى. شۇندىن كېيىن ئاتام ئۇستا بىر كېمىچىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ماڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتتى. ئاخىرى بەيتۇللاغا بېرىپ ھەج قىلىش ئارزۇسى كۆڭلۈمگە چۈشۈپ، شام (سۈرىيە) يولى بىلەن ھىجاز (بەيتۇللا) تەرەپكە ماڭدىم. دىجلە دەرياسىنى كېچىپ مۇسىل شەھىرىگە بارغاندا، ئۇستىمىزگە ئەرەبلەر باستۇرۇپ كېلىپ، بارلىق مال - مۈلۈكلىرىمىزنى تالان - تاراج قىلدى. ئاخىرى مۇسىل ئارقىلىق ئۆز مەملىكىتىمىزگە قايتقىدەك خىراجىتىمىز - پۇلىمىز بولمىغانلىقتىن، بىر كېمىگە

ئۆلتۈرۈپ دىجلە دەرياسى بىلەن باغداتقا قاراپ يۈزلەندۇق. دەريادا بىر گىرداپ (قايىنام - دولقۇن) دۇچەكېلىپ، كېمە غەرق بولدى. كېمىمىزدە يىگىرمە ئىككى كىشى بار ئىدى، كېمىدە مەن ۋە بەسرى خەلقىدىن بىر قېرى ئادەم، مېنىڭ بىر خىزمەتكارىم قالدۇق. چۈنكى، بۇ ئۈچ كىشى سۇ ئۈزۈشنى بىلەلەيدىغان ئۈچۈن ھايات قالدۇق. باشقىلار سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەنلىكىدىن غەرق بولۇپ ھالاك بولدى. شۇ بالادىن قۇتۇلۇپ، ئاتامنىڭ مۇھەببىتى كۆڭلۈمدە تېخىمۇ زىيادە بولىدى. ئاتامغا كۆپلەپ دۇئا، سەدىقە - خەيرىيەت قىلدىم. قېرى ئاتام بېشىمغا قانداق كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى بىلگەن ئىكەن دەپ ئويلىدىم. تىرىكچىلىكتە لازىم بولىدىغان بارلىق ئىلىم - ھۈنەرلەرنى پەرزەنتكە ئۆگىتىش لازىم. چۈنكى، دۇنيادا ئادەم تۈرلۈك قايىنام - دولقۇنلار (ھادىسىلەر) غا ئۇچراشتىن خالى بولالمايدۇ، بېشىغا نىمىلەرنىڭ كېلىشىنى بىلەلمەيدۇ. ھايات جەريانى شۇنداق ئىكەن، ھەرنەرسىنى ئۆگەنسەڭ بىر كۈنى ساڭا ئەسقاتىدۇ. ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھۈنەرلەرنى پەرزەنتىڭگە ئۆگىتىشنى قولدىن بەرمىگىن. ئەگەر ئۇستاز ئوغلىڭغا ئەدەپ بەرسە — ئۇرسا، ئوغلىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كەتمە. ئۇستازىنىڭ تەربىيىسىنى قولىلا، ئۇستازىدىن رەنجىمە. چۈنكى، بالىلار بوش قويۇۋېتىلسە ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنەلمەيدۇ. بالىلارنى ئۇرماق مۆۋىلىك كۆچەتكە سۇ بەرگەنگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتسەڭ بىرنەرسە ئۆگىنەلمەيدۇ. كەلگۈسىدە قولغا كېلىدىغان نەتىجە - پايدىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بىھۇدە ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىپ كېزىپ يۈرۈپ، ئۆمرىنى زايا كەتكۈزىدۇ.

سەن پەرزەنتىڭگە غەيرەتلىك - ھەيۋەتلىك كورۇنۇشۇڭ لازىم. ھەرقاچان سەندىن قورقسۇن. ئەگەر سەندىن پۇل، ماددى نەرسە تەلەپ قىلسا ئايىما. پەرزەنتىدىنىڭ ئاتام ئۆلسە مال - مۈلكى ماڭا مىراس قالاتتى دەپ ئولۇمىڭنى تىلىمىسۇن، پەرزەنتىڭگە بەرگەن پۇل، كىيىم ۋە باشقا نەرسىلەر، يىگۈزگەن تاماق

ھۈنەر ـ ئىلىم ئۈگەنسۇن دىگەن نىيەت بىلەن بولۇش كېرەك، ئەگەر مۇنداق مەقسەتتە بولمىسا، چاك ـ توزاڭ بولۇپ زايا كەتكەن بولىدۇ. يەنە شۇنى بىلىش كېرەككى، «ئوغلىمىنىڭ قابىلىيىتى بار» دەپ ھۈنەر ـ ئىلىم ئۈگىتىشتە بىرشاگىلىق قىلما. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا تەربىيە بەرمىسەڭ، بىر كۈنلىرى زامان ئۇنىڭغا ئەدەپ ـ تەربىيە بېرىدۇ. بىراۋغا «ئاتا ـ ئانىسى تەربىيە بەرمىسە، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭغا ئەدەپ بېرىدۇ» دىگەن گەپ بار. ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، كېچىلەردە، كۈندۈزلەردە ئاچ ـ يالىڭاچ قالغاندا ئەدەپ ئۈگىنىدۇ. مېنىڭ بوۋام شۇنداق ئېيتقانىكى: «ھەر كىشىگە ئاتا ـ ئانىسى ئەدەپ ـ تەربىيە ئۈگەتمىسە، زامان ئۇنىڭغا تۈرلۈك جەۋرى ـ جاپالار ئارقىلىق تەربىيە بېرىدۇ.» پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش — ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيەتتۇر. باللار ئاجىزدۇر. كىچىك باللىق ۋاقتىدا تەبىي خۇلقىنى ئاشكارا قىلالمايدۇ. ئوسۇپ يېتىشكەندە نىمە قىلىشنى بىلمەيدۇ. تولۇق ئادەم بولۇپ يېتىشكەندە ئەخلاقىدىكى ياخشى ـ يامان تەرەپلىرى ئاشكارىلىنىدۇ. سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەدەپ، ئىلىم ـ ھۈنەر ئۈگىتىش. ھەتتا بايلار ۋە پادىشالار (ھوكۇمرانلار) نىڭ باللىرىغىمۇ ئىلىم، ھۈنەر لازىم. باي، ھوكۇمرانلارمۇ ھۈنەر، ئىلىم ئۈگىنىپ، ئۇ ھۈنەر بىلەن كەسىپ قىلسا ئەيىپ ئەمەس، بەلكى بايلىقى، ئابرويى بولسا، ئۇنى ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ. بىر ۋاقتى كەلگەندە بايلار، ھوكۇمرانلار ھۈنىرى يوقلىقى سەۋەبىدىن يېرىم ئاقچىغا، بىر پارچە نانغا مۇھتاج بولىدۇ. ئەمما، ئىلىم، ھۈنەرنىڭ مىۋىسى مەڭگۈلۈكدۇر.

تارىخىي رىۋايەتلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئىران شاھى كۇشناسىپ بىر زاماندا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، مۇساپىر بولۇپ قۇستانتىنىيە (ئىستامبۇل) شەھرىگە كېلىپ قاپتۇ. قولىدا دۇنيالىقتىن بىرنەرسىسى يوق ئىكەن. تىلەمچىلىك قىلىشقا نومۇس قىپتۇ. ئۇ ياش ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ سارىيىدا ئىشلىگەن تومۇر-

چىلەرنىڭ ھۈنىرىنى كۆرۈپ كۆزى پىشىپ قالغان ئىكەن (ھەۋەس قىلىپ تومۇرچىلەر يېنىدا كۆرەك بېسىش، بازغان سوقۇشنى ئۆگىنىۋالغان ئىكەن). بۇ ياقا يۇرتتا تۇرمۇشنىڭ غۇر-بەتچىلىك ئاچچىقىنى تېتىپتۇ، ئىلاجىسىزلىقتىن تومۇرچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، مەن كۆرەك بېسىشنى، بازغان سوقۇشنى بىلىمەن، دەپ-تۇ. تومۇرچى ئۇنى كۆرەك بېسىش خىزمىتىگە ئاپتۇ. كۇشناسىپ بۇ تومۇرچىنىڭ يېنىدا ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ، كىشىگە تازا مۇھتاج بوپتۇ. كۇشناسىپ ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كېلىپ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن: "باي بولسۇن، كەمبەغەل بولسۇن، ئەھلى دولەت بولسۇن بارلىق ئادەم ئەۋلادىغا ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىتىشنى ئەيىب كورمىسۇن" دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. باي، كەمبەغەل بولسۇن، ھەركىم ئەۋلادىغا ھۈنەر ئۆگىتىشى لازىم. ۋاقتى كەلگەندە يولداشلىرىنىڭ كوپلۈكى ۋە باتۇرلۇقى كارغا كەلمەي قالىدۇ. ھۈنەر بولسا، باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ. ھەزرى-تى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: "كىشىنىڭ قولىدا ھۈنىرى بولسا، كەمبەغەللىك - يوقسۇللۇقتىن ئامان بولىدۇ" دىگەن ئىدى.

ئەي ئوغۇل، ھەرقاچان ئوغلۇڭ ئۆسۈپ كامالەتكە يەتسە ئۇنىڭغا دىققەت قىل، قابىلىيىتى بولۇپ، قولىدىن ئىش كەلگۈ-دەك بولسا ۋە ھۈنەر - كەسپكە بېرىلىپ، بايلىقنىڭ سەۋەبلىرى-نى بىلىشكە مەشغۇل بولسا، ئۇنى ئۆيلەندۈرۈش كويىدا بول. مۇۋاپىق، پاك خوتۇندىن بىرىنى ئېلىپ بەر، ئۈستۈڭدىكى ئاتى-لىق ھەققى ئادا بولسۇن. ئەگەر ئوغلۇڭنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەس بولۇپ، تۇرمۇش، دولەت ھاسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولمىسا، ئۆيلەندۈرىمەن دەپ بىر كىشىنىڭ قىزىنى بالاغا قويما. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن خىرىش مۇئامىلە قىلىپ ئىناق تۇرمۇش كەچۈرمەي، باش ئاغرىقى قىلىپ ساڭا خاپىلىقتىن باشقا نەرسە كەلتۈرمەيدۇ. مۇنداق ئوغۇلنى ئۆز ھالىغا قوي، ئۆزىنى تۈزەت-كەندە ئۆيلەنسۇن. زامان ئىزنى كۈزەتسۇن!

قىز بالىنىڭ تەربىيىسى يەنە ئالاھىدىدۇر. ئەگەر قىز بالاڭ

بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئېپپەتلىك، ئۇقۇمۇشلۇق بىر تەربىيىچىگە تاپشۇر، ئاندىن كېيىن بىر مۇئەللىمگە ئوقۇشقا بەر، زوروۇرى ئىلىملەرنى ئۆگەنسۇن. هالال ـ هارامنى پەرق ئەتسۇن، هەق ـ ناهەقنى بىلىۋالسۇن. تولۇق بالاغەتكە يەتسە، كىچىكتۇرمەي دەر-هال تۇرمۇشقا چىقارغىن. "قىز بالا ئەردە بولغىنى ياخشى، ئەردە بولمىسا گوردە بولغىنى ياخشى" دىگەن بىر تەمسىل بار. لېكىن قىز بالاڭ ئۆيۈڭدە، يېنىڭدا بولغاندا مېهىر ـ شەپقەت ۋە مەرھەمەتنى ئايىما. قىز بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئالدىدا ئەسىرگە ئوخشايدۇ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىغا يولىنىشتىن باشقا چارىسى يوق. ئەمما، ئوغۇل بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن شەپقەت كورمىسىمۇ بىر ئامال قىلىپ كۈن كەچۈرىدۇ. قولۇڭدىن كېلىشىچە تەيىيارلىق كورۇپ، قىزىڭنى ياخشى تەربىيىلەنگەن، ئوبدان، مومىن بىر كىشىگە نىكالاپ بەر. ئەگەر قىزىڭ باكىرە (توي قىلمىغان) بولسا، توي قىلمىغان يىگىتكە بېرىشىڭ لازىم. توي قىلمىغان قىزنى توي قىلىپ تۇل قالغان ئەرگە بەرمىگەن ياخشى. چۈنكى، قىز ـ ئوغۇل هەر ئىككىلىسى قىز، يىگىتلىك هالىتىدە توي قىلىشسا، بىر ـ بىرىگە مۇھەببىتى مۇستەھكەم، ئىناق بولىدۇ. ئوغۇل ـ قىز-نىڭ ئائىلىلىرى تەڭ دەرىجىدە بولغىنى ياخشى. قىزىڭغا ياخشى لايىق تېپىلغاندا تويلۇق ئۈچۈن كوپ مال تەلەپ قىلما. قىزىنى مالغا ساتقانلاردىن بولما! قىزىڭنى ئەرنىڭ ئادىمىگەرچىلىكى، مۇرۇۋۋىتى، شەپقىتىگە تاپشۇر.

## ئون توققۇزىنچى باپ. دوستلۇق ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ئەقىل ئىگىلىرى ئوزىگە دوست تېپىشقا تىرىشىدۇ، هەر خىل ئادەملەر بىلەن دوست بولۇشتىن قاچمايدۇ. دوستىسىز-لىقتىن قېرىنداشسىزلىق ياخشىراق. بىر پەيلاسوپتىن: "دوست ئارتۇقمۇ، قېرىنداش ئارتۇقمۇ؟" دەپ سورالغاندا، پەيلاسوپ:

”ئەگەر قېرىنداش ۋاپادار، شەپقەتلىك، مېھرىۋان بولسا قېرىن-
داش ئارتۇق. ئەگەر قېرىنداش كويۇمسىزلۇك، ۋاپادار بولمىسا يات
ۋاپادار — دوست ئارتۇق“ دەپ جاۋاپ بەرگەن. دوستلارغا سوغات،
توھپە ئەۋەتىش ۋە ئادىمگەرچىلىك بىلەن دوستلۇقنى مۇستەھ-
كەملەش لازىم. دوستلۇق رىشتىسىنى يېڭىلاشقا تىرىشىش لازىم.
دوستلىرىغا رىئايە قىلمىغان كىشى دوستسىز قالىدۇ. كىشىنىڭ
دوستلىرى كوپ بولسا ئەيىپلىرى يېپىلىدۇ، ياخشىلىقلىرى ئاشكارا
بولىدۇ. يېڭى دوست تۇتساڭ، كونا دوستلىرىڭدىن يۈز ئۆرۈمە.
ياخشى دوست ئۈلۈغ خەزىنىدۇر. ھەمىشە دوستۇڭ كوپ بولۇش-
نىڭ پىكرىدە بولۇشۇڭ كېرەك. ئەمما سەن بىلەن شەكىلدە
دوستتەك يۈرۈپ يېرىم دوستلۇق قىلسا، مۇنداق دوستلارغا ئىچ-
كى سىرىڭنى ئېيتما. لېكىن، ئۇلارغا مېھرىۋان بولغايسەن. سەن-
دىن ياخشىلىق كورسە يېرىم دوستلۇقتىن پۈتۈن دوستلۇققا ئۆز-
گىرىدۇ. دوستلىرىڭ بىلەن سوغاقچىلىق پەيدا بولۇشتىن ساقلى-
نىشىڭ زورۇر. مۇبادا دوستلىرىڭ بىلەن ئارىدا يىراقلىشىش -
ئاغرىنىش يۈز بەرسە، تېز ئۇزرە ئېيتىپ، ئەپۇ سورىغىن، ياخ-
شى مۇئامىلىدە بولغىن، دوستۇڭنىڭ مىجەزىگە قاراپ ھەركەت
قىل. دوستلىرىڭنىڭ دوستلىرىغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق
قىل. چۈنكى، دوستلىرىڭنىڭ دوستلىرىمۇ ساڭا دوستتۇر.
ئەمما، دۈشمىنىڭگە دوست بولغان دوستتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك.
ئۇنىڭغا سىرىڭنى بىلدۈرمە. ئۇنىڭ دۈشمىنىڭ بىلەن بولغان
دوستلۇقى ساڭا بولغان دوستلۇقتىن ئارتۇقراق بولۇشى ۋە ساڭا
خائىنلىق قىلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. لېكىن، ئەقىللىق دوست بو-
لۇپ، دۈشمىنىڭ بىلەن سېنىڭ ئاراڭنى ياخشىلاشقا ئىجتىھات
قىلسا، زىيىنى يوق، بەلكى پايدىسى بار. يەنە بىلىشىڭ لازىم-
كى، دوستۇڭغا دۈشمەن بولغان دوستۇڭدىن ئالاھىدە ئېھتىيات
قىل. بۇ ئېيتقانلىرىم دۇنيا ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا قارىتىلغان.
ئەگەر بىر دوستۇڭ كىچىككىنە ۋە ئازلا بىرنەرسە ئۈچۈن سەن-
دىن باشقىلارغا شىكايەت قىلسا، مۇنداق دوستۇڭدىن خاتىرجەم

بولما ۋە دوستلۇق ئۈمىدىنى قىلما. مۇناپىق دوستتىن ھەزەر
قىل، مۇناپىق دوست شۇكى، تاشقى كۆرۈنۈشتە دوست بولۇپ،
ئىچى جەھەتتە (قەلبىدە) دۈشمەنلەر بىلەن مۇئامىلە - بېقىنچى-
لىق قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىڭ
لازىم. ئەقىلسىز دوستتىنمۇ غاپىل بولما، دانالار ئېيتقانكى:
"ئەقىلسىز دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى". چۈنكى، ئەقىل-
سىز دوستتىن زىيان يېتىش ئېھتىمالى بار. ئەقىللىق دۈشمەن-
دىن پايدا يېتىش ئېھتىمالى بار. دۇنيادا ھېچ كىشىنى ئەيىپ-
سىز دەپ قىياس قىلما ۋە بىلىمسىز، ھۈنەرسىز كىشىلەرنى
دوست تۇتما. چۈنكى، ھۈنەرسىز ئادەمدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ،
شاراپ مەجلىسىدە ئۆزەڭ بىلەن شاراپ ئىچكەنلەرنىڭ ھەممىسى-
نى قارا - قويۇق دوست دەپ ھېسابلىما، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
ھاراق دوستلىرىدۇر. يالغۇزلۇقنى يامان ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت
بولغاندىن ئەلا بىلگىن. "يامان ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بو-
لۇشتىن يالغۇزلۇق ياخشى" دۇر. ياخشى دوستنىڭ ئالامىتى شۇ-
كى، دوستىدىن بىرنەرسىنى ئايىمايدۇ. دوستىنىڭ قولى قىسقا
بولۇپ ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمىسىمۇ يۈز ئۆرۈمەيدۇ. دوستى
ۋاپات بولغاندا، دوستىنىڭ ئەۋلادىغا، تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق
قىلىدۇ. قەۋرىسىگە بېرىپ خۇدادىن مەغپىرەت ۋە رەھمەت تى-
لەپ، دوستىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىدۇ.

دوستلىرىڭنىڭ كۆپلىگىگە قاراپ ئۇنىڭدىن بىپەرۋا بولما.
مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، ئۆزەڭنى - ئۆزەڭ سۆيگەندىن ئارتۇق
سۆيمەيدۇ. راھەت - پاراغەت ۋە مېھنەت، يوقسۇللۇق ۋاقىتلىرىدا
دوستلۇغىنى بۇزمىغان دوست — دوستتۇر. مۇنداق دوست بەك ئاز
تېپىلىدۇ. سېنىڭ بېشىڭغا قاتتىق كۈنلەر كېلىپ بالا ۋە مېھنەتكە
دۇچار بولغاندا، سەندىن قېچىپ دۈشمىنىڭگە دوست بولغان ئادەم
سېنىڭ دوستۇڭ ئەمەس. دوستلىرىڭدىن كۆڭلۈڭ ئاغرىغان ۋاقىت-
لاردىمۇ، بۇرۇنقى خۇشاللىق چاغلىرىدىكىدەك مۇئامىلە قىل. دوس-
تۇڭغا ھەرگىز سىرىڭنى بىلدۈرمە. چۈنكى، ئاراڭلاردا ئىناقسىز-

لىق پەيدا بولسا، ساڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. بۇ چاغدا پۇشايمان پايدا قىلمايدۇ. يوقسۇل بولساڭ بايلار بىلەن دوست بولما. كەمبەغەل بىلەن ھېچكىشى دوست بولمايدۇ، خۇسۇسەن بايلار كەمبەغەل بىلەن دوست بولمايدۇ. ھەرقاچان ئۆز دەرىجەڭ، ئۆز مەرتىۋەڭدىكى ئادەملەر بىلەن دوستلۇقتا ئۆتكىن. ئەمما سەن باي بولساڭ، كەمبەغەل، يوقسۇللار بىلەن دوست بولۇشۇڭ سائادەتتۇر. ئەگەر كىشىلەر بىلەن دوست بولساڭ، دوستلۇققا رىئايە قىل. خەلقمۇ سەن بىلەن بولغان دوستلۇق ھەققىنى ئادا قىلىدۇ. دوستلىرىڭغا نىسبەتەن كۆڭلۈڭنى راست تۇت، ئاق كۆڭۈل بول، ھەممە ئىشلىرىڭنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر دوستۇڭ ھەققىدە سەندىن گۇنا ئۆتمەي ئۇ سەندىن كۆڭۈل ئۈزسە، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىشقا ئالدىرىما. سەۋەپسىز سەندىن كۆڭۈل ئۈزگەن كىشى دوستلۇققا يارىمايدۇ. سەندىن پايدا ئۈمىت قىلىپ دوست بولغان ئادەم بىلەن دوستلۇق قىلما. كىنە-ئاداۋەت تۇتىدىغان ئادەم بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولما. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى كىنە-ئاداۋەت بىلەن تولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە دوستلۇق مۇھەببىتى ئورۇن ئالمايدۇ. مۇھەببەت، زوق، دوستلۇق بىر نۇردۇر. كىنە-ئاداۋەت بىر قاراڭغۇ زۇلمەتتۇر. بۇ ئىككىسى بىر يەردە ئورۇن تۇتمايدۇ. يەنە ھەسەتخور، كۆڭلى تار، بىراۋنىڭ ياخشى كۈنىگە چىدىمايدىغان ئادەم بىلەن دوست بولما. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ھەسەت زەھىرى چىقمايدۇ. ھەرقاچان ساڭا ئازار يەتكۈزۈش، زىيان يەتكۈزۈش مەقسىدىدە بولىدۇ. سېنىڭ دوستلۇق قىلغىنىڭ ئۇنىڭ زەھەرلىك كۆڭلىگە تەسىر قىلمايدۇ.

ئەي كۆڭۈل قاچقىن باياۋانلاردا ۋەھشىلەر كەبى،
بولمىغىن ئۈلپەت يامانلار بىرلە ياخشىلار كەبى.

تۇتقىچە ئۆلپەت يامانلار بىرلە، يالغۇزلۇقتا بول،
لەئل ① كانى ئىچرە قىينالغان بەدەخشانلىق كەبى.

ئەي ئوغۇل، دوستلار ئەھۋالىنى ئاڭلىدىڭ، ئەمدى دۈشمەن ئەھۋالىنى بايان قىلاي.

## يىگىرمىنچى باپ. دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ئىجتىھات قىلغىنكى، ھىچكىمگە دۈشمەن بولما. ئەگەر بىراۋ ساڭا دۈشمەن بولسا قورقما. ئەمما دۈشمەنىنىڭ يوشۇرۇن ھىلە - مىكىرلىرىگە بىپەرۋالىق قىلما. چۈنكى، دۈشمەن يۈز تۈرلۈك ھىلە بىلەن ساڭا دۈشمەنلىك قىلىش غەرىزىدە بولىدۇ. دۈشمەنىنىڭ ھىلە - مىكىرىدىن ئىمىن بولما. دۈشمەنىنىڭ ئەھۋالىنى، ھىلىسىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ تۇر. تاكى دۈشمەنىنىڭ ھىلە - مىكىرلىرىنىڭ ئاپىتىگە گىرىپتار بولمىغايسەن. ۋاقتى كەلمىگىچە دۈشمەنىگە ئۆزەڭنىڭ دۈشمەنلىگىنى بىلدۈرمە. دۈشمەن كوزىگە ئۆزەڭنى قانچە چوڭ كورسىتىشكە بولسا، شۇنچە چوڭ - ئۇلۇغ كورسەتكىن، ھەرقانچە ئاجىز بولساڭمۇ ئۆزەڭنى ئاجىز كورسەتمە. دۈشمەنىنىڭ ئوچۇق چىراي كورسىتىپ تاتلىق سوزلىگىنىگە ئالدىنىپ كوڭۈل بەرمە. دۈشمەن ساڭا بال ۋە شېكەر بەرسە ئۇنى زەھەر دەپ بىل. ئەمما دۈشمىنىڭ ھەرقانچە ئاجىز - كىچىك بولسىمۇ ئۇنى توۋەن، خار چاغلىما. ئاجىز - زەئىپ دۈشمەن بىلەن كۈچلۈك، زور دۈشمەننى باراۋەر - تەڭ ھىساپلاپ، ئۇنىڭ قولىدىن نىمە كىلەتتى، دىمە. دۈشمەندىن ئېھتىيات قىل، دۈشمەنىنىڭ چىرايلىق سوزى بىلەن ئالدىنىپ،

① لەئل — ياقۇت.

ئۇنىڭ ھىلە ـ مىكىر تانابىغا باغلىنىپ، قۇدۇقـقا چۈشمىگەيسەن.
دۇشمەنـنىڭ مەسلىھەت سوزلىرىنى ئاڭـلاپ قوي، ئەمما قوبۇل قىلما.

نەزمە:

دۇشمىنىڭدىن يەتسە بۇلبۇلدەك ناۋا،
ئاڭلىغىن ئۇنى زەھەرناك ئوق ـ يارا.

بۇ ھالغا مۇۋاپىق مۇنداق بىر ھىكايەت بار: خۇراساندا مۇھەللەپ ئىسىملىك ناھايىتى باي، ھىلىگەر بىر كىشى بار ئىدى. بىر كۈنى بىرنەچچە خىزمەتكارلىرى بىلەن كىتىۋاتقاندا بىر پارچە قوغۇن شاپىقىغا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. مۇھەللەپ ئورنىدىن قوپۇپ قوغۇن شاپىقىنى پىچاق بىلەن پارچە ـ پارچە قىلىپ كىسىپ تاشلاپتۇ. خىزمەتكارلىرى مۇنچە ئۇلۇغلۇغ بىلەن بىر پارچە شاپاقنى پارچە ـ پارچە قىلىپ كەسكىنىڭ قانداق ئىش؟ دەپتۇ. مۇھەللەپ ئۇلارغا: بۇ قوغۇن شاپىقى مىنىڭ ئايىغىمنى تېيىلدۇرغان دۇشمەندۇر. قانداق ھالەتتە بولمىسۇن دۇشمەننى يوقىتىش كىرەك، دەپتۇ.

ئەي ئوغۇل، دۇشمەننى ئاجىز، خار، كىچىك سانىماسلىق كىرەك. ھەركىم دۇشمەننى خار، ئاجىز ھىساپلىسا، تىزلىكتە دۇشمەن قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

خۇدا پانا بەرسۇنكى، دۇشمىنىڭ بولمىسۇن. ئەگەر دۇشمىنىڭ بولسا، دۇشمىنىڭنىڭ ئۈستىگە غالىپ كىلىپ يەڭگەن ھالەتتىمۇ خەلق ئارىسىدا دۇشمەننى ئاجىز، قولىدىن نىمە كىلەتتى، دەپ مەسخىرە قىلىپ سوزلىمە. مۇنداق سوزلەر ساڭا ئىپتىخارلىق ئەمەس، بۇ سوزلەر بىلەن ماختانما. زامانىنىڭ ئوزگىرىشى بىلەن سەن كوزگە ئىلمىغان ئاجىز دۇشمەن ۋاقتى كەلگەندە سەندىن غالىپ كەلسە، ساڭا بەك زور نومۇس بولىدۇ. چۈنكى، بىر ئاجىز، خار كىشىدىن يىڭىلىش — غايەت خورلۇقتۇر. تىل

دىن - تىلغا كوچۇپ بىر پادىشا كىچىككىنە بىر ئاجىز دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلسا، ئەگەرچە ئۇ دۈشمەن پادىشانىڭ بۈيۈكلۈگىگە نىسبەتەن زور بىرنەرسە بولمىسىمۇ، لېكىن پادىشانىڭ غەلىبە قازانغانلىقىنى يازغۇچى مۇنشى (ئەدىپ - كاتىپ) لار ئۇ دۈشمەننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ۋە شان - شەۋكىتىنى مۇبالىغە قىلىپ، ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن ئارسلانغا ئوخشىتىپ مەدھىيىلەيدۇ. مۇنداق تەھرىر قىلىشى پادىشاھىمىز ئاشۇنداق كۈچلۈك ئەسكىرى بار دۈشمەندىن غەلىبە قىلدى، نۇسرەتكە ئىگە بولدى. بۇ بولسا، پادىشانىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە ۋە ئۆزىنىڭ جاسارەت - شىجائىتىگە دەلىل بولسۇن دېمەكچىدۇر. ئەگەر ئۇ مەغلۇپ بولغان دۈشمەننىڭ ئەسكىرىنى ئاجىز دېسە، غالىبىيەت قازانغۇچى پادىشانىڭ ئۆزىگە ۋە قوشۇنىغا ئىپتىخارلىق بولمايدۇ. ئاڭلىغۇچىلار ناھايىتى: "ئاجىز بىر ئەسكىرىي قوشۇن بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ" دەپلا قويىدۇ.

**ھىكايەت** رەي دېگەن مەملىكەتتە بىر ئايال پادىشا بار ئىكەن. ئۇ، بەخرىد دۆلەتنىڭ رەپىقىسى بولۇپ، ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كىچىك ئوغلىغا پادىشالىق مىراس بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى مەجرىد دۆلەت دەپ ئاتايدىكەن. مەجرىد دۆلەت چوڭ بولغىچە پادىشالىقنى ئۇنىڭ ئانىسى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. مەجرىد دۆلەت ئۇسۇپ چوڭ بولغاندىن كېيىن پادىشالىققا لاياقەتسى بولماپتۇ. كېچە - كۈندۈز كىنىزەكلەر بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىشقا بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئانىسى سەييىدە رەي مەملىكەتىدە، ئىسپىھاندا ۋە پۈتۈن كوھىستاندا ئوتتۇز يىلغا يېقىن پادىشالىق قىپتۇ. ئەتراپتىكى پادىشالار بىلەن مادارا قىلىپ كېلىشىپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىپتۇ. بىر چاغدا سۇلتانى مەھ-

مۇد(1) پادىشا سەييىدەگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇزىگە ئىتائەت قىلىش-
نى، باج - خىراجەت تولەشنى تەلەپ قىپتۇ. «ئۇ دولەتتە خۇتبە
مېنىڭ نامىمغا ئوقۇلسۇن، پۇل مېنىڭ نامىمدا چىقىرىلسۇن،
ئەگەر ئىتائەت قىلىشنى قوبۇل كورمىسەڭ قوشۇن تارتىپ بېرىپ
مەملىكىتىڭنى بويسۇندۇرۇپ، ئوزەڭنى يوقىتىمەن» دەپ خىتاپ
قىپتۇ. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەلچىسى بۇ خىتاپنى يەتكۇزگەندىن
كېيىن، مەزكۇر سەييىدە سۇلتان مەھمۇدقا مۇنداق جاۋاپ قاي-
تۇرۇپتۇ: «ئەگەر مېنىڭ ئېرىم پەخرىدىد دولەت ھايات بولسا
ئىدى، سەندىن بۇ ھەركەتنى ئۇمىت قىلاتتىم، يەنى سۇلتان
مەھمۇد مەملىكىتىمىزنى ئالىدۇ، دەپ پىكىر قىلاتتىم، قورقاتتىم.
ھازىر ئېرىم پەخرىد دولەت بولسا ۋاپات بولغان، مەملىكەتنى
مەن باشقۇرۇۋاتىمەن. پادىشالىق ماڭا ئوخشاش بىر ئايالنىڭ
قولىدا قالدى. ئىلگىرىكى سەندىن قورقىدىغان پىكىرلىرىم ئوز-
گەردى. ھازىر مېنىڭ پىكرىم شۇكى، سۇلتان مەھمۇد زور - بۇ-
يۇك پادىشاھدۇر. ماڭا ئوخشاش بىر ئاجىز ئايال بىلەن ئۇرۇش
قىلىشقا كەلمەس دەپ خاتىرجەم تۇرماقتىمەن. ئەگەر مەن ئويى-
لىغاندەك بولماي، نومۇس قىلماي، ئۇرۇش ئۇچۇن مېنىڭ مەم-
لىكىتىمگە قوشۇن تارتىپ كەلسەڭ ئاللانىڭ ياردىمىگە تايىنىپ
ساڭا تاقابىل تۇرۇپ جەڭ قىلىشىم مۇقەررەر. ھەرگىز قورقماي-
مەن، چېكىنمەيمەن. چۇنكى، ئۇرۇش ئىككى ھالەتتىن خالى
بولمايدۇ. شەكسىز ھالدا ئىككى قوشۇننىڭ بىرى مەغلۇپ بولسا،
بىرى غالىپ بولىدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئەسكىرىڭ مەغلۇپ بولۇپ
يېڭىلسە، پۇتۇن جاھان سۇلتان مەھمۇد بىر ئايال بىلەن ئۇرۇ-
شۇپ كۇچى يەتمەي مەغلۇپ بوپتۇ، دەپ نامىڭ چىقىدۇ،
بەتنام ساڭا قالىدۇ. جايلاردا غەلىبە خەۋەرلىرى، قەسىدىنامىلەر
يېزىلىدۇ، ھەممە يەردە مېنىڭ نامىم ئاتىلىدۇ. ئەگەر زەپەر سې-
نىڭ تەرىپىڭدە بولسا، مەن ئايالنىڭ قوشۇنى يېڭىلسە يەنىلا

---

(1) مەشھۇر سۇلتانى مەھمۇد غەزنىۋى.

جاھان، سۇلتان مەھمۇد بىر ئايالنى مەغلۇپ قىلىپ قوشۇنىنى يېڭىپتۇ، دەيدۇ. جاھان خەلقى ئارىسىدا ساڭا بۇ نامىدىن ئىپتىخارلىق ھاسىل بولمايدۇ."

سۇلتان مەھمۇد ئايال پادىشادىن بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ ئىلگىرىكى نىيىتىدىن يېنىپ، سۇلھى يولىنى تۇتۇپ تىنچلىق بىلەن ئۆتۈپتۇ.

ئەي ئوغۇل، كوردۇڭمۇ؟ دۈشمەن بىلەن قانداق مادارا قىلىش كېرەك؟ دۈشمىنىڭ بولماستىن ئىلگىرى ئۆزىڭدىن مۇداپىئە كورۈش جەھەتلىرىنى ئويلاپ كورۈشۈڭ لازىم. چۈنكى، زامان ھوكۇمدارلىرى تۈرلۈك ئوزگىرىش پەيدا قىلىپ، تاماسى ئېشىپ، باشقا خەلقلەرنىڭ ئەل - يۇرت، مال - مۈلكىگە خىيانەتكارلىق، تاجاۋۇزچىلىق قولىنى سوزىدۇ. دۈشمەننى ۋە ئۆزىڭنىڭ مۇداخىلىسىنى يوقىتىشقا ئىجتىھات قىلىشىڭ كېرەك (سەندىن ئىلگىرى ئۇلار سېنى ھالاك قىلمىسۇن). ھېچقاچان دۈشمەندىن، بولۇپمۇ ئوز يېنىڭدىكى دۈشمەندىن خاتىرجەم بولما. بۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يات - ئەجنەبى دۈشمەن سېنىڭ ئىچكى ئەھۋالىڭدىن ۋاقىپ بولالمايدۇ. ئەمما، ئوز يېرىڭدىكى دۈشمەن ھەممە ھالىڭنى بىلىپ تۇرىدۇ. بەلكى سەن ئۆزىڭ دوشمەنلىكىنى بىلمەي قېلىشىڭ مۇمكىن، ھەرقاچان يۇرت ئىچىدىكى دۈشمەن سەندىن قورقۇپ يۈرسە، ئۇنىڭ كوڭلى ساڭا مۇۋاپىق بولمايدۇ. تۈرلۈك پىكىرلەرنى قىلىشتىن خالى بولمايدۇ. بىر دۈشمەن بىلەن جان - دىلدىن دوست بولما، تىلىڭدىلا دوستلۇق كورسەت. ئېھتىمال ئۇنىڭ ياسالما دوستلۇغى بارا - بارا ھەقىقى دوستلۇققا ئوزگىرىپ قالار. بەزى يالغان دوستلارنىڭ ھەقىقى دوستقا ئايلانغانلىرىمۇ بار. بەزىدە ئىككى ھەقىقى دوستنىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپ، دۈشمەنلىشىپ كەتكەنلىرىمۇ بار. دۈشمەنگە ياخشىلىق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. ھەرقاچان دۈشمەننى يوقىتىشقا قادىر بولمىغاندا (ئاجىز كەلگەندە) دۈشمەنگە ياخشىلىق ۋە مادارا قىلىش كېرەك. شۇنىڭغا تىرىشقىنكى، دۈشمەن سەندىن خاتىرجەم

بولسۇن. دوستلىرىڭ كۆپ، دۈشمەنلىرىڭ ئاز بولسۇن. قولۇڭدىن كەلسە مىڭ دوستۇڭ بولسۇن، بىرمۇ دۈشمىنىڭ بولمىسۇن. بىراق، مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ ۋاقتى كەلگەندە بىر دۈشمەندىن ساقلىيالمايدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇما. بىر دۈشمەن مىڭ دوستۇڭنى ئالداپ كېتىدۇ. ئۆزەڭدىن كۈچلۈك، زور ئادەم بىلەن دۈشمەنلەشمە. ئۆزەڭدىن ئاجىز دۈشمەننى يوقاتمىغىچە راھەتتە بولما. ئەگەر بىر دۈشمىنىڭ باش ئېگىپ سەندىن ئامانلىق تىلىسە، ئۇ ساڭا ھەرقانچە جاپا قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن. دۈشمەنىنىڭ سەندىن ئامانلىق تىلىگىنىنى غەنىمەت بىلگىن، چۈنكى، ئامانلىق تىلىگەن كىشى مەغلۇپ بولغان بىلەن تەڭ. دۈشمىنىڭنى ئاجىز ھالەتتە كۆرۈپ، خاتىرجەملىنىپ بىپەرۋا بولما. چۈنكى، ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ساڭا قەست قىلىدۇ. دۈشمەننى ھالاك قىلساڭ خۇشال بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئەمما ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلسە خۇشال بولما. چۈنكى، سەنمۇ ئۆلىسەن. ھوكۇمالار ئېيتقانكى، "كىشى دۈشمىنىدىن كېيىن بىر نەپەس ئارتۇق ياشىسا غەنىمەت بىلىش كېرەك". لېكىن ھەقىقەت شۇكى، ھەممىمىز ئاقىۋەت دۇنيادىن كېتىمىز. كىشىنىڭ ئۆلگىنىدىن شاتلانماسلىق كېرەك.

ئەي ئوغۇل، ھەممىمىز سەپەر ئۈستىدە تۇرۇپتىمىز. سەپەر ئۈستىدىكى كىشىگە ياخشى ئەمەلدىن بولەك ئوزۇق يوق. ئاللاتائالا ئۆز كالامىدا "يول ئۈچۈن ئوزۇق تەييارلاڭلار، ئوزۇقنىڭ ياخشىسى، تەڭرىدىن قورقۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتۇر. ئەي ئەقىل ئىگىلىرى، يامان ئىش - ھەركەتلەرنى قىلىشتىن ئۆزەڭلارنى ساقلاڭلار" دەيدۇ.

نەزمە:

يەتكەندە ئەجەل شىۋىرغىنى ئۆمرۈڭ كۈچتىن،
دۈشمەنلىرىڭ كەبى قىلغاي نەبۇدۇ - پەرىسىۋد①

① نەبۇدۇ پەرىسۇد — يوقلىش، چىرىپ توزۇپ كېتىش.

مەشھۇر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شەرق ۋە غەرپ مەملىكەتلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆز مەملىكىتىگە قايتماقچى بولۇپ، دامغان دېگەن شەھەرگە كەلگەندە ئۆلۈم كېسىلى يېتىپ كەپتۇ. ئىسكەندەر ۋەسىيەت قىپتۇ: "مېنى ئۆلگىنىمدىن كېيىن تاۋۇتقا سېلىپ، تاۋۇتنىڭ بىر تەرىپىدىن قولۇمنى بوش چىقىرىپ قويۇڭلار، تاكى جاھان خەلقى كورسۇنكى، پۈتۈن دۇنيانى ئىشغال قىلدىم. مانا ئەمدى كورۈڭلاركى، دۇنيادىن قۇرۇق قولۇم بىلەن كەتتىم."

ئىسكەندەر يەنە ئېيتىپتۇ: "ئانامغا ۋەسىيىتىمنى يەتكۈزۈڭلار. ئەگەر روھىمنىڭ خۇشنۇدلىقىنى كوزلىسە، مەن ئۈچۈن ھېچ قايغۇرمىسۇن، ھەسرەت چەكمىسۇن. مۇبادا يىغلاپ - ھەسرەتلىنىپ قايغۇرىدىغان بولسا، خەلقنى يىغىپ ئىككى تۈرلۈك ئادەم تاپسۇن. ئۇنىڭ بىرى، ھېچقانداق سۆيۈملۈك كىشىسى ۋاپات بولمىغان بولسۇن؛ ئىككىنچى بىرى ئۆلمەيدىغان ئادەم بولسۇن. ئەگەر مۇنداق كىشى تېپىلسا، ئانام خالىغىنىچە قايغۇرۇپ ھەسرەت چەكسۇن. مۇنداق ئادەملەر دۇنيادا بولمىسا كېرەك. دۇنيانىڭ ۋە دۇنيادىكى ھاياتنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىكەن، ئانام قايغۇرۇپ يىغلىمىسۇن."

ئەي ئوغۇل، ئىنسان ئۈچۈن ئولۇم بارلىقىنى ئۇنتۇما. ساڭا ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىدىن غاپىل بولما. تۈرلۈك ھىلە-مىكىرلەر بىلەن ھەسەتچىلىرىڭ ۋە دۈشمەنلىرىڭنى قايغۇغا سالغىن، تاكى ئۇلار ئۆز ئەھۋالى بىلەن مەشغۇل بولسۇن. ساڭا يامانلىق قىلىشقا ئامالسىز قالسۇن. ساڭا ياخشىلىق قىلغانلارغا سەنمۇ ياخشىلىق قىل. تۈزەلمەس يامانلارغا ياخشىلىق قىلىش — ياخشىلىقنى زايا قىلىشتۇر

دوستۇڭ بىلەن يۇمشاق سوزلەش. تاتلىق سوز — سېھىردۇر. ياخشى سوز ئادەمنى باش ئەگدۈردۇ. ياخشى، يامان ھەرقانداق سوز سوزلىسەڭ، ئاۋال ئويلاپ سوزلە. سەن ئۆزەڭ ئاڭلاشنى خالىمىغان سوزنى كىشىگە سوزلىمە، يەنى ئاچچىق سوزلىمە. بول-

مايدىغان، بولمىغان ئىش بىلەن كىشىنى قورقۇتما. سېنى ئۆزداق قىلمەن، مۇنداق قىلمەن، دېمە. قىلماستىن ئىلگىرى بىر ئىشنى قىلمەن دەپ ماختانما. "خۇدا خالىسا قىلمەن" دېگىن. ئالدى بىلەن ئىشلىگىن، ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزلە. بىراۋغا تىل ئۇزاتما، قاچان بولمىسۇن ئۇ ئادەممۇ ساڭا تىل ئۇزىتىدۇ. مۇناپىق (ئىككى يۈزلۈك) بولمىغىن، ئىككى يۈزلۈك ئادەمگە يېقىن كەلمە. يەتتە باشلىق ئەجدىھادىن قورقما، ئەمما سۆز توشۇغۇچى مۇناپىقتىن قورق. چۈنكى، ئىككى يۈزلۈك مۇناپىقنىڭ بىر نەپەستە تۇغدۇرغان پىتنىسىنى بىر يىلدا تۈگىتىشكە، تىنجىتىشقا بولمايدۇ. ھەرقانچە ھەيۋەتلىك ئادەم بولساڭ، ئۆزەڭدىن ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن بەسلەشمە ـ مۇنازىرىلەشمە ۋە دەۋالاشما. سېنىڭ ھۆرمەت، ھەيۋىتىڭگە زىيان يەتمىسۇن. ئېھتىمالكى، مۇنازىرىدە مەغلۇپ بولغايسەن، مەغلۇپ بولساڭ خەلق ئارىسىدا ئەتىۋارىڭ قالمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى سەندىن بىر ئەيىپ تاپسا، تىرىشىپ بۇ ئەيىبنى ئۆزەڭدىن يىراق قىل. ئۆزەڭنى يۇقۇرى چىقىرىپ، تەكەللۇپلۇق ئورۇنغا ئولتۇرما. ئەگەر باشقىلار كېلىپ تۆۋەن چۈشسەڭ ياراشمايدۇ. بىر كىشىنى كۆپ مەدھىيىلىمە، كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەش قىيىن بولمىسۇن. بىر كىشىنى كۆپ ھاقارەتلىمە، يەنە بىر چاغدا مەدھىيىلەشكە ئورۇن قالمايدۇ. ھەر ئىشنى نورمال ھالدا ئىشلەش كېرەك. دوستۇڭ، دۈشمىنىڭگە نورمال مۇئامىلە قىلىشىڭ لازىم. ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتەرگىن. تەكەببۇر گەدەنكەشلەرگە گەدەنكەشلىك قىل. بارلىق ئىشىڭدا ئادىمگەرچىلىك يولىنى ساقلا. غەزىپىڭ كەلگەنىدە سەۋرى قىل. دوستۇڭغا، دۈشمىنىڭگە يۇمشاق سۆزلىگىن. ئۇلۇغ ئالىملار ئېيتقانكى، ئۇن خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرۈش لازىم: 1) ئۆزەڭدىن چوڭ — بۈيۈك ئادەملەر بىلەن ئويناشما؛ 2) خىزمەتكارلارغا زۇلۇم قىلما؛ 3) ھەسەتخور، كۆزى كىچىك، كۆڭلى تار، چىدىماس ئادەم بىلەن سوھبەتداش بولما؛ 4) بېخىل بىلەن سوھبەتداش بولما؛ 5) نادان ـ جاھىللار بىلەن مۇنازىرى-

لەشمە؛ 6) تۇراقسىز كىشى بىلەن دوست بولما؛ 7) يالغانچى بىلەن مۇئامىلە قىلما؛ 8) ئۇرۇش-قاق - جېدەل-خورلار بىلەن ئۈلپەت بولما؛ 9) ئاياللار سوھبىتىدە كوپ ئولتۇرما؛ 10) سىرىڭنى كىشىگە ئېيتما. ئەيىپ ئىزلىگۈچىدىن قاچقىن. ساڭا ھاجىتى چۈشكەن كىشىنى خار كورمە.

ئەي ئوغۇل، بىراۋغا بولغان ئاچچىقىڭنى يەنە بىراۋدىن چىقارما، ئەگەر سېنىڭ ھەققىڭدە بىراۋدىن گۇنا ئوتسە كەچۈرگىن، خىزمەتچىلىرىڭنى ئاسراپ ياخشى مۇئامىلە قىلغىن. چۈنكى، خىزمەتكار ۋە ئەسكەرلىرىڭ بىر باغچىغا ئوخشايدۇ، باغچىنى قانچىلىك پەرۋىش قىلساڭ، شۇنچىلىك مېۋىسىنى يەيسەن. ئەسكەرلىرىڭنى ئوزەڭدىن رازى قىلساڭ، سېنىڭ پەرمانىڭغا شۇنچە بويسۇنىدۇ. ئەگەر خىزمەتچىلىرىڭ، ئەسكەرلىرىڭ سەندىن رازى بولمىسا، ئىشلىرىڭ خاراپ بولىدۇ. ساڭا ئىتائەت قىلغان ئەڭ توۋەن خىزمەتكارىڭ ساڭا ئىتائەت قىلمىغان ئەلا خادىمىڭدىن ئارتۇقتۇر. بىر ئىشنى ئىككى كىشىگە بۇيرۇما. ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان تاماق تۇزلۇق ياكى تۇزسىز بولىدۇ. ئىككى خوتۇن بىر ئويدە بولسا (ئىككى خوتۇنلۇق بولساڭ)، ئويۇڭ پاكىز، ساغلام بولمايدۇ. ئەگەر باشلىغىڭ ساڭا بىر خىزمەت بۇيرۇسا، شىرىڭ ئىزلىمە، ئوزەڭ بېجىرگىن. دوستقا ۋە دۈشمەنگە ئوزەڭنى قىزغىن ۋە غەيرەتلىك كورسەتكىن. خەلقنىڭ ئەيىۋىنى ئىزلەش بىلەن مەشغۇل بولما، بار - يوق نەرسە ئۈچۈن خەلقنى ئەيىپلىمە. ئەپۇ قىلىش، سىخىلىق يولىنى تۇتقىن. مۇنداق بولساڭ ھەممە تىللار سىنى مەدھىيىلەيدۇ، ياخشى نامىڭ بىلەن ئاتايدۇ.

## يىگىرمە بىرىنچى باپ. تەۋبە قىلىش ۋە جازالاش ھەققىدە

خاتالىق ۋە گۇنا ئۇچۇن كىشىنى دەرھال تۇتماسلىق كېرەك. بىر كىشى خاتالاشسا، گۇناھىنى تونۇپ ئۆزرە بايان قىلسا، خاتالىقى ۋە گۇناھىنى كەچۈرگىن، چۈنكى خاتالىق ۋە گۇنا ئۆتكۈزگۈچى ئادەمدۇر. گۇنا ئەڭ ئاۋۋال ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدا كۆرۈلگەن ئىدى. بۇ زات ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى. ئادەم ئەلەيھىسسالام گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ ئىستىغپار ئېيتقان ئىدى، تەۋبىسىنى تەڭرى قوبۇل قىلدى.

نەزمە:

بىر كۈن مەن ئەگەر بارالمىدىم سوھبىتىڭگە،
يۈزمىڭ غەم ئارا قالدى كوڭۈل مېھنىتىڭگە.
ئەۋەل كىشىكىم قىلدى گۇنا ئادەمدۇر،
بىر گۇنا بىلەن تاشلىما مېنى پۇرقىتىڭگە.

بار - يوق گۇنا ئۈچۈن كىشىنى ئەيىپلىمە، يوق گۇنا ئۈچۈن جازاغا تارتىلمىسۇن. ھەرقانداق سوز ئۈچۈن ئاچچىقلانما، ئاچچىقىڭ كەلگەندە غەزەپىنى يۇت. ئاچچىقىڭنى ئاشكارىلىماسلىقنى ئادەت قىل. گۇنا قىلغان كىشى ئەپۇ سورىسا ئەپۇ قىل. ئەگەر بەندە گۇنا قىلمىسا خۇدانىڭ ئەپۇسى پەيدا بولمايدۇ. گۇناھى بارلارنى ئەپۇ قىلساڭ، ئۇلۇغلۇق شەرىپىدىن نەسىبدار بولىسەن، ئەپۇ قىلغاندىن كېيىن مىننەت قىلىپ ئۆزەڭنى گۇناكار قىلمىغىن. ئەگەر ئۆزەڭ خاتالىق، گۇنا ئۆتكۈزسەڭ ئۆزرە ئېيتىپ ئەپۇ سوراشتىن نومۇس قىلمىغايسەن، تاكى دوستلار ئارىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەت يىپى كېسىلمىسۇن، ئەگەر كىشىنىڭ گۇناھىغا

قاراپ جازا بەرمەكچى بولساڭ، گۇناغا قاراپ تولۇق جازا بەرسەڭ، شەپقەت، كەڭچىلىك يولىنى ئۇنتۇغان بولىسەن. جەمئىيەت ئىنتىزامى ئۈچۈن بىر تەڭگىلىك گۇنا قىلغانغا يىرىم تەڭگىلىك جازا بەرگىيسەن. شۇنداق قىلساڭ گۇناكارغا جازا بېرىلگەن بولىدۇ ھەم ئادەمگە شەپقەت قىلىنغانمۇ بولىدۇ. ئۇمەۋىيلەردىن مائاۋىيە زامانىدا بىر گۇرۇھ ئادەملەر گۇنا قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن مائاۋىيە ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھوكۈم قىلىپتۇ ۋە بىرىنچىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۆلتۈرۈش نۆۋىتى بىرىگە كەلگەندە، ئۇ:

— ئەي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى، بىزگە قانداق جازا بەرسەڭ، گۇناھىمىزغا نىسبەتەن ئورۇنلۇق ۋە ھەقتۇر. گۇناھىمىزنى ئىقرار قىلىمىز. لېكىن ئىككى سۆزۈم بار، بۇ سۆزۈمگە ئاللا ئۈچۈن جاۋاپ بەرگىن، — دەپتۇ.

— نىمە سۆزۈڭ بار؟ — دەپتۇ مائاۋىيە ئۇ ئادەمگە.

— سىنىڭ سېخىلىغىڭ، سالماقلىغىڭ ۋە شەپقىتىڭ ھەققىدە، — دەپتۇ ئۇ كىشى، — خەلق ئارىسىدا ياخشى سۆزلەر بار. لېكىن، بىزگە شۇنداق ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىۋاتىسەن. ئەگەر بۇ گۇناھىمىز سەۋەبلىك بىزنى شەپقەتسىز، رەھىمسىز ھوكۈمرانىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتسەڭ، ئۇ قانداق جازا ئىجرا قىلاتتى؟

— ھامان ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلاتتى، — دەپتۇ مائاۋىيە.

— ئەگەر مەرھەمەتسىز، شەپقەتسىز ھوكۈمران شۇنداق جازا بەرسە، — دەپتۇ ئۇ مەھكۇم، — سىنىڭ شەپقەت، مەرھەمىتىڭ بىلەن شەپقەتسىز ھوكۈمرانىنىڭ نىمە پەرقى بار؟ بىزگە سىنىڭ شەپقىتىڭدىن نىمە پايدا يەتتى؟

مائاۋىيە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ مەجلىسىگە ھازىر بولغانلارغا:

— ئەگەر بۇ كىشى بۇ سۆزىنى ئالدىن ئېيتقان بولسا،

ھەممىسىنى ئازات قىلالىتتىم، ــــ دەپتۇ ـ دە، قالغان گۇناكارلار-
نى ئۆلۈم جازاسىدىن ئازات قىلىپتۇ.
ئەي ئوغۇل، سەنمۇ گۇناكارلارغا كەچۈرۈم ئۈمىت قىلسا، گۇنا-
لىرىنى كەچۈرگىن. ئەگەر بىر كىشىنىڭ ساڭا ئېھتىياجى بولسا،
ئۇنى ئادا قىلىشقا ئازغىنا نەرسىنى باھانە قىلىپ رەت قىلما،
ھاجىتىنى راۋا قىل، قۇرۇق قايتۇرما، سەندىن كۈتكەن ياخشى
ئىشەنچىسىنى بوشقا چىقارما، كىشىلەر سېنى ياخشى كىشى دېمى-
سە. ھاجىتىنى ئېيتىپ ئالدىڭغا كەلمەيتتى. ئەگەر سېنىڭ بىر
كىشىگە ھاجىتىڭ بولسا، ئالدىن ئويلاپ كورگىنكى، سەن ھا-
جەت سوراپ بارماقچى بولغان ئادەم مەرتىمۇ ياكى خەسىس ـ
بېخىلمۇ؟ ئەگەر ئۇ كىشى مەرت ـ سېخى بولسا، ھاجىتىڭنى
سورا، بېخىل ئادەم بولسا، ئۆزەڭنى خار قىلما. يەنە كىشىدىن
ھاجەت تىلىگەندە ۋاقتىنى بىلىپ تىلە. يەنە ئۇ كىشىنىڭ تەبى-
ئىتى ئوچۇق، كوڭلى خوش ۋاقتى بولسۇن. ئۇ خاپا ياكى قو-
سىقى ئاچ ۋاقتى بولمىسۇن. كىشىدىن ھاجەت سورىساڭ، ھاسىل
بولۇشى مۇمكىن (ئىمكانىيەتلىك) بولىدىغان نەرسە ۋە شۇنداق
ئىش بولسۇن. شۇنداق بولسا، مەھرۇم قالمايسەن. كىشىدىن
ھاجەت سوراشقا بېرىشتىن ئىلگىرى ئېيتماقچى بولغان سوزلىرىڭ-
نى ئالدىن ئويلاپ قىلغىن، ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە،
مۇلايىملىق بىلەن كورۇشۇپ، كوڭلىنى يۇمشىتىدىغان ۋە تەبىئىتى
ياقتۇرىدىغان سوزلىرىڭنىڭ ئارىسىدا مەقسىدىڭنى ئېيتىقىن،
ھاجىتىڭنى تىلە. ھاجەت سوراشتا ياخشى سوزنىڭ ياردىمى
كوپ بولىدۇ. ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشىگە ئۆزەڭنى توۋەن كور-
سات. "ئىنسان ــــ ياخشىلىقنىڭ قۇلى" دېگەن گەپ بار. ھاجى-
تىڭنى راۋا قىلسا، ئۇ كىشىگە تەشەككۈر بايان قىلغايسەن.
يەنە بىر قېتىم ھاجىتىڭ چۈشكەندىمۇ يولۇڭ ئوچۇق، يۈزۈڭ
يورۇق بولسۇن. ئەگەر بىر كىشى سېنىڭ ھاجىتىڭنى ھەل
قىلمىسا، كىشىلەرگە شىكايەت قىلما. ئەگەر بېخىل ئادەمدىن
ھاجەت سورىساڭ، ئۇنىڭ مەس ـ كەيىپ ۋاقتىدا سورىغىن،

چۈنكى، مەس ئادەم مەرت بولىدۇ.
ئەي ئوغۇل، ئەمدى ھۈنەر - سەنئەت، ئىلىم - پەن ئۈستىدە سۆزلەيمەن. بۇ سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلالمىساڭمۇ ئۆزەمنىڭ ئاتىلىق ھەققىنى بېجىرگەن بولىمەن. قوبۇل قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرغان يىگىتلەرگە بەخت يار بولسۇن!

## يىگىرمە ئىككىنچى باپ. ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، "ھۈنەر" دېگىنىمىز دۇكاندا ئولتۇرۇپ ئالماق-ساتماق بىلەن مەشغۇل بولۇش ئەمەس، ئادەمنىڭ تۇرمۇش مەشغۇلاتى—ھاياتقا زورۇر ئىشلار "ھۈنەر" دېيىلىدۇ. مەيلى ئۇ دۇنيا ئىشلىرى، مەيلى "ئاخىرەت" ئىشلىرى ئۈچۈن بولسۇن، شۇ ھۈنەر دېيىلىدۇ. قولۇڭدىكى ئىشلىرىڭنى ياخشى ئۆگەنمىگەن، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىسەن. ئادەم ئىلىم، ھۈنەردە ئۇستازغا ۋە ئۇستازنىڭ تەربىيىسىگە مۇھتاج بولىدۇ. ئىلىم، ھۈنەر ئۆگەنگەندىن كېيىن ئىشقا ئاشۇرالايسەن.
ئەي ئوغۇل، ئىلىمىڭنى ۋە ھۈنىرىڭنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا تىرىشقىن. ئىلىم، ھۈنەر بەك كۆپتۇر، ھەممىسىنى بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەر ئىشنىڭ مەقسىدى ئىككى ھالدىن خالى ئەمەس: بىرى، تۇرمۇش مەئىشىتىڭ ئۈچۈن سېنى جەمىيەت بىر ھۈنەرگە مۇھتاج قىلىدۇ. ئۇ چاغدا شۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشۇڭ كېرەك. يەنە بىرى، ھۈنەرگە مۇھتاج بولماي ئۇلۇغ - مەرتىۋىدە بولۇشۇڭ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئۇلۇغ - مەرتىۋىلىك كىشىلەرگە لازىمكى، ھەر ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن خەۋەردار بولۇشى زورۇر. ئەنە شۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھۈنەر.

ئەي ئوغۇل، ھەر قانداق ھۈنەر، ئىلىم ئۆگەنسەڭ، شۇ ھۈنەر، ئىلىمدىكى تۈرلۈك ماھارەتلەرنى بىلمىسەڭ، پايدىسىنى كۆرەلمەيسەن، مەسىلەن، تېبىپ (دوختۇر) بولسا، خەلققە خىزمەت قىلىپ، تۈرلۈك دورىلار، شەرۋەتلەر، مەجۇنلەرنى ئىشلەشنى ۋە ئىشلىتىش ئورنىنى تونۇشى لازىم. ئەگەر ئاسترونومىيە ئۆگەنسەڭ پىلانىتلارنى، ئەجرامى، ساماۋىي، تەقۋىم - كالىندار ئىلمىنى بىلىشىڭ لازىم. ئاسترونومىيىگە ئائىت پەنلەرنى بىلمىسەڭ ھۆرمەت ۋە پايدىسىغا ئېرىشەلمەيسەن.

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئىلىم ئوقۇپ، ھۈنەر ئۆگىنىپ، ئورنىدا ئىشلەتمىسەڭ، دۇنيادا پايدىسى كۆرۈلمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، تىرىشىپ - ئىجتىھات قىلىپ، تۈرلۈك ئىلىملەردىن خەۋەردار بول. تۈرلۈك ئىلىملەرنى ھاسىل قىلماقچى بولساڭ، ئالىملارنىڭ ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ ماڭغان يولىغا كىرىپ، ئۇلاردىن ئۆگەنگىن. كامىل بىر ئۇستازنىڭ خىزمىتىگە (تەربىيىسىگە) كىرىپ ئىلىم ھاسىل قىلىشىڭ لازىم. شۇنداقلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ دۆلىتىگە ئېرىشكەيسەن. ھەرقاچان ئىلىم ھاسىل قىلىشقا ئېرىشسەڭ باشقا ھۈنەرلەرگە ئېھتىياجىڭ چۈشمەيدۇ ئىلىم ھاسىل قىلىش يولىغا قەدەم قويساڭ ناچار ۋە يامان ئىشلاردىن ئۆزەڭنى ساقلىشىڭ كېرەك. ھەق - ناھەقنى، ھالال - ھارامنى ئايرىپ ئېلىشىڭ لازىم. تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەتلىرىگە سەۋرى قىلىپ، جاپالىق ھاياتقا قانائەت قىلغىن. كىشىلەردىن تاما قىلما. ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مۇھەببىتىنى كۆڭلۈڭگە مەھكەم ئورناتقىن. پۇل تېپىپ باي بولۇش مۇھەببىتىنى كۆڭلۈڭدىن چىقارغىن. قىسقىسى ئىلىمگە دوست بولۇپ، دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ئىشلىرىغا دوست بولمىغايسەن. ئاز ئۇخلاش - تېز ئويغىنىشنى ئادەت قىل. كىتاپ ئوقۇشقا، ئوقۇغان كىتاپلاردىن چۈشەنگەنلىرىڭنى ۋە ئۇستازلىرىڭدىن ئۆگەنگەنلىرىڭنى يېزىۋېلىشقا ھېرىس (ئامراق) بولغىن. ھېچقاچان كىتاپ ئوقۇش، يېزىشتىن بوشانما، ۋاقتىڭ بوش ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

ئوقۇغانلىرىڭنى تەكرارلا ۋە يادلا. سەن بىلمىگەن ئىلىمنى
بىراۋدىن ياكى ئۇستازلىرىڭدىن ئاڭلىغاندا پەملەپ چۈشىنىۋال-
غىن. ئىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت قىلىپ مۇھەببەت باغلا. ئىلىم ئەھ-
لى بىلەن سوھبەتداش بولغىن. ئالىملار مەجلىسىدە ئولتۇرساڭ
ئەدەپ ساقلا. ئىلىم ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلما. ئۇستازىڭنىڭ
ئۇلۇغلىقلىرىنى كۆرۈپ، ھەققىنى ئادا قىل. ھەرقاچان يېنىڭدا
كىتاپ، قولۇڭدا قەلەم، يېزىق دەپتىرىڭ بىللە بولسۇن. ئاڭلى-
غان ئىبرەتلىك سۆز - ھېكمەتلەرنى يېزىپ قوي. ئىلىم تەلەپ
قىلىش ۋاقىتلىرىڭدا ئىلىم ئەھلىدىن بولەك نادان ئادەملەر
بىلەن ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولما. بۇنداق ئۇس-
لۇپقا رىئايە قىلغان ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئەلۋەتتە ئازغىنا
زاماندا ئالىملار جۈملىسىدىن بولىدۇ.

ئىلىم تەلەپ قىلىپ يۈرگەن (ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان) چاغ-
لىرىڭدا يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇپ ئۆزەڭنى پاك ساقلا.
بەدىنىڭ، كىيىمىڭ پاك بولسۇن. بىر كىشى سەندىن مەسىلە
سورىسا، بىلگەنلىرىڭنى بايان قىلىپ بەر. پىكىر قىلماي ۋە
بىلمەي تۇرۇپ مەسىلىگە جاۋاپ بەرمە. ئۆز پىكرىڭ بويىچىلا
مەسىلىگە جاۋاپ بەرمە. بەرگەن جاۋاپلىرىڭ ئىشەنچلىك،
توغرا، كىتاپ ۋە بۈيۈك ئالىملارنىڭ ئىجتىھات - پىكىرلىرىگە
مۇۋاپىق بولسۇن. ئەگەر بىر كىشى بىلەن مۇنازىرىلەشسەڭ، قار-
شى تەرەپ ئىلىم ئەھلى بولسا، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئەدەپ-
لىك مۇنازىرە قىلغىن. ئىلمىي كۈچۈڭگە قاراپ، كۈچۈڭ يەتسە
مۇنازىرىلەش. بىلمىگەن مەسىلىدە مۇنازىرىلەشمە. مۇنازىرىدە دە-
لىل - ئىسپات بىلەن سۆزلە. مەۋھۇم (ئېنىق ئەمەس) مەسىلىنى
سۆزلىمە، دەۋا قىلما. ئەگەر قارشى تەرەپ قانائەت قىلارلىق
ئىسپاتلىسا، كىبىر ۋە سەركەشلىك قىلماي ھەق سۆزىنى قوبۇل
قىلغىن.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر ۋەز سۆزلىگۈچى (تەشۋىقاتچى) بولساڭ
سۆز مۇنبىرىگە چىقساڭ، ئۆزەڭنى مۇستەھكەم تۇت، خاتا سۆز-

لىمە، سۆزۈڭنى پاساھەتلىك (ئۇچۇق ـ ئېنىق تەلەپپۇز) بىلەن
باشلا، ئالدىراپ سۆزلىمە. مەجلىستە ـ ئالدىڭدا تۇرغانلارنى
ئۆزەڭدىن ئۈستۈن بىلمە، سۆزدە تۆۋەن تەسەۋۋۇر قىل. قورقماي، ئۇ-
يالماي سۆزلە. سۆز مۇنبىرىگە چىققاندا بەدىنىڭ ـ كىيىمىڭ
تازا ـ پاك بولسۇن. سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ يىغ-
لىغۇچىلار بولسا، سەنمۇ يىغلا ۋە تەسىرات كۆرسەت. ئەگەر
سۆزلىگەندە خاتىرەڭدىن سۆز قېچىپ كەتسە، توختاپ قالماي
مۇۋاپىق بىر سۆز بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكىن. سېنى
كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخورلار ئەيىپ ۋە نۇقسان تاپمىسۇن.
مۇنبەر ئۈستىدە ئوچۇق قىياپەتلىك ۋە يېنىك سۆزلۈك بولغىن.
سۆز ئاڭلىغۇچىلارغا ئېغىر كەلمىسۇن. ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلىگەن-
دە ھورۇنلارغا ئوخشاش ئېرىنىپ ئاغزىڭدىن سۆزۈڭ ئايرىلمايدى-
غان (بوش ـ سۇس) سۆزلىمە. ئەگەر سۆز ئاڭلىغۇچىلار بىلىم-
لىك ۋە ئىنچىكە سۆزلەرنى چۈشىنىدىغان بولسا، گۈزەل ھېك-
مەتلىك، ئىلمىي سۆزلەرنى بايان قىل. ئەگەر سۆز ئاڭلىغۇچى-
لار ئاددىي بولسا، ئاممىباپ، ئاددىي چۈشىنىدىغان سۆزلەرنى سۆز-
لە. ھەر كىمنىڭ چۈشىنىشى ـ پەھمىگە لايىق سۆزلە. خەلق
پەھملىيەلمەيدىغان سۆزلەرنى سۆزلىمە. ئەگەر ۋەز ـ سۆز مەج-
لىسىدە بىراۋ سەندىن بىرنەرسە سورىسا، تولۇق بىلسەڭ جاۋاپ
بەر، بىلمىسەڭ مۇنداق سۆزلەرنىڭ جاۋاۋى بۇ يەردە سۆزلەن-
مەيدۇ، دەپ رەت قىل. چۈنكى، ۋەزسۆزلىگەن يەردە سەندىن
سوئال سورىغان كىشىنىڭ غەرىزى سېنى ئاقسىتىش ۋە سۇندۇ-
رۇشتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ مەقسىدى مەسىلە بىلىۋېلىش بولسا،
ۋەز مەجلىسىدە سورىمايتتى. ئۆزەڭنى يامان ئەخلاق، پىسىق ـ
فۇجۇردىن پاك تۇت. ئۆزەڭنى پاك ـ تەقۋا تۇتساڭ، سۆزۈڭ
تەسىرلىك بولىدۇ. بازارلاردا ۋە ئاۋام ئارىسىدا كۆپ كېزىپ
يۈرمە. يارىماس ئادەملەر بىلەن سوھبەتداش بولما. ئۆزەڭ
قىلمىغان ئىشنى كىشىلەرگە بۇيرۇما، ئەمىلىيەتسىز ئالىملاردىن
بولۇپ قالما. ھەرنەرسە ئۈستىدە سۆزلىسەڭ، تەتقىق ـ تەھقىق

قىلىپ، تولۇق بىلگەندىن كېيىن ياخشى ئىبارە، ئوچۇق تەلەپپۇز بىلەن ئىپادە قىل. سۆزلىگەندە باشقا تىل لۇغەتلىرى بىلەن سۆزلەيمەن دەپ، تەكەللۇپلانما. سۆزۈڭ ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ياخشى ئىبارە بىلەن ئادا قىلمىساڭ سۆزۈڭنىڭ مەزىسى بولمايدۇ. سۆزۈڭدە بەزىدە ئاگاھلاندۇر، بەزىدە سۆيۈندۈر. تەگرى رەھمىتىدىن خەلقنى ئۈمىتسىزلەندۈرمە، شۇنداقلا ھەممە كىشىنى جەننەت ئەھلى قىلىۋەتمە. تەگرى رەھمىتىگە ئۈمىتۋارلىق سۆزلەرنى كۆپ سۆزلە.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر ھاكىم، سوراقچى (ئەمەلدار) بولساڭ يۇۋاش، زېرەك، پەملىك، ھەق-ناھەقنى ئايرىغۇچى بولغايسەن. ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان ئويلاپ، خەلقنىڭ خاراكتېرىنى تونۇغايسەن. يەنى، ئادەملەرنى قىياپىتىدىن ۋە ھەركىتىدىن بىلگەيسەن، ھەر تەبىقە-سىنىپ، گۇرۇھنىڭ ئەھۋالىنى، ھىلىلەرىنى بىلىشىڭ كېرەك. ھەر بىر مەزھەپكە رىئايە قىلغان ھالدا مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك. ئەگەر ئالدىڭغا بىر زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى كىشى دەۋالىشىپ كېلىپ قالسا، ھەقىقەت شۇ زۇلۇمغا يولۇققۇچى تەرىپىدە بولۇپ، گۇۋالىرى بولمىسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغايسەن. تەدبىر ئىزلەپ ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بەرگەيسەن. بۇ توغرىدا بىر ھېكايەت بار:

تەبەرىستاندا ئوبۇلئابباس روۋى باھارى ئىسىملىك بىر قازى بار ئىكەن، بۇ زات ناھايىتى ھايا-نومۇسلۇق، ئادالەتلىك ياخشى ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بىر ئادەم كېلىپ، يەنە بىر ئادەم ئۈستىدىن بىر مىقدار ئالتۇن دەۋاسى قىپتۇ. قازى جاۋاپكارنى چاقىرتىپتۇ. ئالتۇن دەۋاسى قىلغۇچىغا قاراپ:

— سېنىڭ گۇۋالىرىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، — دەپتۇ دەۋاگەر قازىغا، — گۇۋالىرىم يوق.

— بۇ جاۋاپكار ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ قازى، — ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا قەسەم بۇيرۇشۇم كېرەك.

ئالتۇن دەۋاسى قىلغۇچى يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي قازى ئەپەندىم، ماڭا ياردەم قىلىڭ، مېنىڭ گۇۋا-
چىم يوق. ئەگەر بۇ جاۋاپكارغا قەسەم قىلىشنى ھوكۇم قىلسىڭىز،
توقسان قېتىم قەسەم قىلىشتىن يانمايدۇ، ئۇ قەسەم ئىچىشتىن
قورقىدىغان ئادەم ئەمەس، — دەپتۇ.
— سەن گۇۋا ھازىر قىلسەن ياكى جاۋاپكار قەسەم قىلىدۇ.
شەرىئەتتە بۇنىڭدىن باشقا قانۇن يوق، — دەپتۇ قازى.
— ئەي قازى، خۇدا ھەققى، — دەپتۇ دەۋاگەر بىچارە قاتە-
تىق يىغلاپ، — ماڭا ياردەم قىلغىن. ئەگەر بۇ ئادەمدىن
ھەققىمنى ئېلىپ بەرمىسەڭ ماڭا ئۇۋال بولىدۇ!...
قازى ئالتۇن دەۋا قىلغۇچىنىڭ دەۋاسى ھەقلىق ئىكەنلىكىنى
پەھمىلەپ، ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ دەپتۇ:
— سەن بۇ كىشىگە ئالتۇننى قانداق بىر شارائىتتا بەر-
گەن ئىدىڭ؟
— ئۇنىڭغا جىددى بىر ھاجەت چۈشكەندە بەرگەن ئى-
دىم، — دەپتۇ دەۋاگەر.
— جاۋاپكار سېنىڭ ئالتۇنۇڭنى نېمە ھاجىتىم بار دەپ
ئالغان؟ — سوراپتۇ قازى يەنە.
— بۇ كىشى كوپ زاماندىن بۇيان مېنىڭ دوستۇم ئى-
دى، — دەپتۇ دەۋاگەر، — ئۇ بىر كىنىزەككە ئاشىق بوپتۇ،
ئۇ كىنىزەكنىڭ باھاسى بىر يۈز ئەللىك ئالتۇن ئىكەن. بۇ
كىشىنىڭ بارلىق سەرمايىسى يۈز ئالتۇن ئىكەن، كىنىزەك-
نى سېتىۋېلىشقا ئالتۇنى يەتمەپتۇ. بىر كۇنى بۇ دوستۇم بىلەن
باغچا سەيلىسىگە بېرىپ بۇ يەردە دەم ئېلىپ ئولتۇراتتۇق.
دوستۇم مەزكۇر كىنىزەكنىڭ سۈپەتلىرىنى سوزلەپ يىغلىدى.
دوستۇمنىڭ يىغلىغىنىغا ئىچىم ئاغرىپ، 20 يىلدىن بۇيانقى
دوستلۇغىمىز ئالدىمىغا كېلىپ: ساڭا مەن يۈز ئالتۇن
قەرز بېرەي، كىنىزەكنى سېتىۋال، بىرئاي ئۇ كىنىزەك بىلەن
كەيپ - ساپا قىلىپ مۇرادىڭ ھاسىل بولغاندىن كېيىن، كىنى-
زەكنى سېتىپ يۈز ئالتۇنۇمنى قايتۇرۇپ بەرگىن، دەپ

يۈز ئالتۇن بەردىم. بۇ، قەسەمىيات قىلىپ تۇرۇپ مەندىن بۇ ئالتۇننى ئالدى. مەن ئالتۇننى بەرگەن يەردە خۇدادىن باشقا گۇۋا يوق ئىدى، بۇ كىشى ئۇ كىنىزەكنى سېتىۋالدى، 4 ئاي ئەيش - ئىشرەت قىلدى، كىنىزەكنى ساتمىدى، ئالتۇنۇمنى بەرمىدى.

— سەن بۇ ئالتۇننى قەيەردە بەرگەن ئىدىڭ، — دەپتۇ قازى.

— باغچىدا بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بەردىم؟ — دەپتۇ دەۋاگەر. قازى:

— بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئالتۇننى بېرىپسەن، نىمە ئۈچۈن گۇۋاچىم يوق دەيسەن، دەرەخ گۇۋا ئەمەسمۇ؟ ھازىر سەن ئۇ دەرەخنىڭ يېنىغا بار. دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، دۇرۇت ئېيتقىن. ئاندىن كېيىن ئۇ دەرەخكە: "قازى سېنى مېنىڭ گۇۋالىغىمغا چاقىرىدۇ، مەھكىمىسىگە بېرىپ گۇۋالىق بەر" دېگىن، — دەپتۇ.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ جاۋاپكار بىرئاز كۈلۈپتۇ. قازى ئۇنى كورمەسكە ساپتۇ. دەۋاگەر قازى ئالدىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمما جاۋاپكار قازى قېشىدا قاپتۇ. قازى باشقا كىشىلەرگە ھوكۈم چىقىرىش بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. جاۋاپكار ھەر خىل ھىلىلەرنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا تۇيۇقسىز ھالدا قازى جاۋاپكارغا خىتاپ قىلىپ:

— ئەي پالانى! دەۋاگەر ئۇ دەرەخنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغانمىدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇ تېخى دەرەخ يېنىغا يېتىپ بارمىغاندۇ، — دەپتۇ جاۋاپكار. قازى يەنە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. دەۋاگەر مەزكۇر دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەي دەرەخ! سېنى قازى گۇۋالىققا چاقىرىدۇ. مەن ئۈچۈن گۇۋالىق بەرگىن، — دەپتۇ.

دەرەختىن ھېچبىر تاۋۇش، ھەركەت پەيدا بولمىغاندىن كېي-

يىن، بۇ ئادەم ئۈمىتسىزلىنىپ قازى يېنىغا كەپتۇ ۋە:

— ئەي قازى، ئۇ دەرەخكە سىنىڭ ئەمرىڭنى يەتكۈزدۈم، ھېچ ئالامەت بولمىغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— دەرەخ سەندىن ئىلگىرى كېلىپ گۇۋالىق بېرىپ كەتتى، — دەپتۇ قازى جاۋاپكارغا قاراپ خىتاپ قىلىپ، — باغچىدىكى مەزكۇر دەرەخ گۇۋالىق بەردى، سەن يالغانچى ئىكەنسەن. دەۋاگەرنىڭ دەۋاسى راست ئىكەن، دەرھال ئۇنىڭ ئالتۇنلىرىنى قايتۇرۇپ بەر!

— مەن بۇ مەھكىمىدە ئولتۇردۇم، — دەپتۇ جاۋاپكار، — ئۇ دەرەختىنىڭ كەلگىنىنى ۋە گۇۋالىق بەرگىنىنى كۆرمىدىم.

— ئەگەر سەن ئۇ دەرەختىنىڭ ئاستىدا ئالتۇننى ئالمىغان بولساڭ، — دەپتۇ قازى، — مەن سەندىن ئۇ ئادەم دەرەخ تۈۋىگە بارغانمىدۇ؟ دەپ سورىغاندا مەن ئۇ دەرەختىنى بىلمەيمەن دىمەي، تېخى يېتىپ بارمىدى دىدىڭغۇ، ئالتۇنلارنى دەرەخ تۈۋىدە ئالمىساڭ، ئۇنىڭ دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ بارمىغانلىقىنى نەدىن بىلدىڭ؟ تېزلىكتە بۇ كەمبەغەلنىڭ يۈز ئالتۇنىنى بەر!

قازى ھوكۇم قىلىپ ئالتۇنلارنى ئالدۇرۇپ بېرىپتۇ. قازى گەرچە بۇ ھوكۇمنى كىتاپتىن ئالمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىلمى ۋە توغرا پىكرى بىلەن ھوكۇم چىقىرىپ، ھەقنى ئىجرا قىپتۇ.

قازى، ھاكىم - سوراقچى بولغان كىشى خەلقنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلىپ تەدبىر قوللىنىشى لازىم. ئەگەر مۇشكۈل، مۇرەككەپ بىر مەسىلە دۇچكەلسە ئۆز پىكرىڭگە مەغرۇر بولۇپ، مەن ھەل قىلىمەن دىمەي، ئالىملارنىڭ كىتاپ ۋە پەتىۋالىرىغا مۇراجەت قىلغىن، تەجرىبە قىلىنغان مۇئەييەن مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىل. قازى، ھاكىم - سوراقچى بولغان كىشى خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مۇجتەھىد (مۇستەقىل ھوقۇقشۇناس)، ئالىم، پاك بولۇشى كېرەك. خەلقنىڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلغۇچىلار قوسقى ئاچ ۋاقتىدا،

مۇنچىدىن چىققاندا، جاپالىق ئىش قىلغاندا (چارچىغاندا)، تەشۋىشلىك ـ خاپا تۇرغاندا ھوكۇم قىلماسلىق كېرەك. ھاكىم ـ سوراقچى ھوكۇمنامىنى ئۆزى يازماسلىق كېرەك. باشقا كاتىپقا يازدۇرۇپ ئىمزا قويۇش لازىم. مۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ــ ئۆز خىتىنى قەدىرلەشتۇر. قازى ۋە ھاكىم بولغان كىشى ئالىم ۋە پەرھىزكار بولۇپ، ھارام ۋە گۇنالاردىن ئۆزىنى ساقلىشى لازىم.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باپ. تىجارەت قىلىش ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، تىجارەت قىلىش ــ ئۆز دائىرىسىدە بىر ھۈنەر ھىساپلىنىدۇ. ئەمما، ھالال تىجارەت قىلىش ــ مۇشكۇل ئىشتۇر. دانالار ئېيتقانكى، "تىجارەت ــ بىر تۈپ مۆۋىلىك دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى نادانلىق (جاھالەت)كە تۇتاشقان، شاخلىرى ئەقىلغا ئۇلاشقان. يەنى، سودىگەرنىڭ پايدا ئېلىش ئۈمىدى ئەقىلغا تەۋەدۇر. ئەمما، پايدا ئالىمەن دەپ بېشىنى، جېنىنى تۈرلۈك خەتەرلەرگە ئۈچرىتىش ــ نادانلىقتۇر. لېكىن بۇ نادانلىق بولمىسا، سودىگەر پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، "نادان ـ گوللار بولمىسا، كىشىلەر ھالاك بولاتتى".

بۇ سوزلەردىن مەقسەت شۇكى، كىشىلەر پۇل تېپىش كويىدا مەشرىقتىكى مال(تاۋار) نى مەغرىپكە. مەغرىپتىكى مالنى مەشرىققە يەتكۈزىدۇ. بۇ جەرياندا تاغۇ ـ تاشلىقلاردا، دەريا ـ دېڭىز- لاردا كېزىپ يۈرىدۇ. ئوغرىلار، قاراقچىلاردىن ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قورقماي جاھاننى كېزىدۇ. يوللارنىڭ تىنچسىزلىقىدىن خەۋپلەنمەيدۇ. شۇنچە خەتەر ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن پايدا ھاسىل قىلىدۇ. ئەگەر سودىگەرلەر پايدا ئۈمىدىدە مۇن-

داق قىلمىسا (قورقۇپ ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرسا) مەشرىقتىكى نېمەت مەغرىبكە، مەغرىبتىكى نېمەت مەشرىققە ئۆزى كەلمەيتتى. جاھان ئاۋات بولمايتتى. بۇ ئۇقتىدىن قارىغاندا تىجارەت ئۇلۇغ ئىشتۇر.

لېكىن، سودىگەرچىلىك بىلەن جاھان كېزىپ يۈرۈش ۋە تۈرلۈك خەتەرلىكلەرگە ئۆزىنى ئاتاپ قويۇش — ئەقىلنىڭ كوزى تىكىلگەنلەرنىڭ ئىشىدۇر. سودىگەرچىلىك ھەرقاچان ئىككى ھالدىن خالى بولمايدۇ: بىرى، سودا مۇئامىلىسى قىلىش، پايدا ئېلىش؛ يەنە بىرى، يۇرتتىن - يۇرتقا يۈرۈپ مۇساپىر بولۇش. تىجارەت قىلىشنىڭ بىر يولى خەتەرسىز، يەنە بىر يولى خەتەرلىكتۇر. خەتەرلىك سودىگەر شۇكى، ۋىلايەتتىن ۋىلايەتكە، مەملىكەتتىن مەملىكەتكە بېرىپ، تاغ — دەريا - دېڭىزلارنى بېسىپ، كېزىپ يۈرۈشتۇر. خەتەرسىز بولغىنى ئۆز يۇرت - شەھىرىدە، مەملىكىتىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشتۇر. لېكىن ئۆز يۇرتىدا تۇرۇپ تىجارەت قىلىشتىمۇ ئەرزان ۋە ناچار ئوتىمەس مالنى ئېلىپ، ئۇستۇن باھا كۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى خەتەرلىكتۇر. لېكىن، بۇ مالغا زىيان بولسىمۇ، جانغا خەتەرلىك ئەمەستۇر.

سودىگەر ئۆز ئىشىدا باتۇر بولۇشى، قورقۇنچاق بولماسلىقى لازىم. بېشىنى ۋە مېلىنى ئېلىپ، كىشىلەر ماڭغان يول بىلەن مېڭىشى لازىم. بۇنىڭدا پايدا كورەلمىسىمۇ، زىيان - خەتەرگە ئۇچرىمايدۇ. سودىگەر غايەت دىندار، توغرا - ئىنساپلىق بولۇشى، يالغانچى بولماسلىقى كېرەك. ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان كەلتۈرمەسلىكى، ئالدامچى، مەككار بولماسلىقى لازىم. ئاددى ئادەملەر بىلەنمۇ سودا - مۇئامىلە قىلىش، لېكىن ئالدامچى، مەككار ئادەملەر بىلەن سودا - مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك. مالنىڭ ياخشى - يامىنىنى بىلمەيدىغان، مال تونۇمايدىغان ئادەم بىلەن ۋە يېقىن دوست ئادەملەر بىلەن ئېلىش-بېرىش قىلما. ئەگەر دوستلىرىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، پايدا ئېلىش ئويىدا بولما. ئەسلى سەرمايىگە رازى بول. تاكى

دوستلۇق بىناسى ۋەيران بولمىغاي. كوپ كىشىلەر ئازغىنا پايدا ياكى ئازغىنا زىيان ئۈچۈن دوستلۇقنى ۋەيران قىلىدۇ. كوپ پايدا تاما قىلىپ، ۋەدە بىلەن نىپىسگە مال بەرمە. چۈنكى، كوپ پايدا تاما قىلىشنىڭ ئوزى زىياندۇر. قانچىلىك پايدا بولسا، قانائەت قىلىشىڭ لازىم. "كوپ پايدا" دەپ مەغرۇرلۇق قىلما. "ئازدۇر، ئۈزدۇر". پايدىسىز يەرگە پۇل ئىشلەتمە، ئىسراپ قىلما. سودىگەرچىلىكتە زاۋال تېپىش — ئىسراپچىلىقتۇر. بايلىقنى تېپىشتىن كورە ئۇنى قولدا تۇتۇشنى بىلىش زورۇر. مەسىلەن، بىر ئادەم كۈنىگە 5 كويلۇق سودا قىلىپ ئالتە كوي خىراجەت قىلسا، ئۇنىڭ قولىدا قانداقمۇ پۇل تۇرسۇن؟ تەگرى ئوز قۇر-ئانىدا: "ئەلۋەتتە، تەگرى ئىسراپخورلارنى دوست تۇتمايدۇ" دىدى. ئەي ئوغۇل، سودا ئۈچۈن مال ئالغاندا ياخشىسىنى ئال. ياخشى نەرسىدە پايدىنىڭ ئۈمىدى بولىدۇ. ئەي ئوغۇل، ئاممىۋى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تىجارەت قىلىش-تىن يىراق بول. يەنى ئادەمنىڭ يىمەك - ئىچمىكى، ھايۋاناتنىڭ ئوزۇقلۇغى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ - سېتىشتىن ئوزەڭنى ساقلا. مەسىلەن، ئاشلىقنى ئەرزان ۋاقتىدا ئېلىپ قويۇپ، قىممەتلىگەندە ياكى ئاچارچىلىق - قەھەتچىلىك ۋاقتىدا ساتىمەن دەپ ئاشلىق ساقلىغان ئادەمنى شەرىئەت قانۇنىدا بېسىمدار دىيىلىدۇ. مۇنداق ئادەملەر توغرىسىدا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام "ئاشلىق بېسىمدارلىرى تەگرىنىڭ لەنىتىگە گىرىپتاردۇر" دە-گەن ئىدى. ئۇ بېسىمدارلار يامغۇر ياغمىسا، ئاشلىق بولمىسا، قەھەتچىلىك بولسا ئىكەن، دەپ تىلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ نىيىتى پۈتۈن ھاياتلىق ئۈچۈن زىيانلىق - شۇم نىيەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ دۈشمىنى بولىدۇ، تەگرىنىڭ لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. بېسىمدارلىق قىلىپ پايدا ئېلىشقا يېقىن كەلمە. ئالماق - ساتماقتا ھېچقانداق ئادەمگە يالغان سوز قىلما. يالغانچىلىق — خەلقى - ئالەم ئالدىدا ئەيىپتۇر. ئالماق - سات-ماقتا يالغان سوزلەش ھارامدۇر. يالغان سوزلەش - ھالال مالنى

ھارام قىلىدۇ. ھارامدىن پۇل - مال تاپساڭ قولۇڭدا تۇرمايدۇ.
مېلىڭنى نېمىسى ئېلىپ كېتىشكە ساتما، كېيىن تەشۋىش، دەۋاغا
قالمىغايسەن. سودا مۇئامىلىدە تارتىنچاق، ئۇياتچان بولما. دانا-
لار: "ئۇياتچانلىق، تارتىنچاقلىق — رىزقىنى مەنئىي قىلىدۇ" دې-
گەن. ئېلىم - بېرىم ۋاقتىدا مۇرۇۋۋەتسىز - ئىنساپسىز بولما.
باھادا كېلىشكەندىن كېيىن بار - يوقنى باھانە قىلىپ، تالاش-
تارتىش قىلىشما. مۇئامىلىسى يەڭگىل قىل. سودىگەرچىلىكتە
سەرمايەڭ ئاز بولسا، سەرمايەڭنى كوپەيتىمەن دەپ كىشىگە
شېرىك بولما. ئەگەر ئىنساپلىق، دىندار، مۇرۇۋۋەتلىك ئادەم
بولسا، شېرىك بولساڭ بولىدۇ. مۇنداق ئادەم پايدا - زىيانغا
توغرا مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئىنساپسىز، مۇرۇۋۋەتسىز ئادەم زىيان-
غا رازى بولمايدۇ، تالاش - تارتىش، كوڭۇلسىزلىكتىن قۇتۇلال-
مايسەن. سەرمايەڭ ئاز بولسا، قىممەت باھالىق - ئېغىر مال ئالما.
"بەختىمنى سىنايمەن" دەپ، ئوزەڭ بىلمىگەن - كورمىگەن
مالنى ئالما. ئەگەر تىجارەت ئۈچۈن سەپەر قىلىپ باشقا يەر-
لەرگە بارساڭ، قورقۇنچلۇق يامان خەۋەرلەرنى سوزلىمە، ياخ-
شى خەۋەرلەرنى سوزلە، بىراۋنىڭ ئولۇم خەۋىرىنى سوزلەش —
ياخشى ئىش ئەمەس. كىشىلەر ئاڭلىسا خوشال بولىدىغان خوش
خەۋەر، بىشارەت، سويۇنچلۇك خەۋەرلەر بولسا، سوزلىسەڭ بو-
لىدۇ. ئەي ئوغۇل، تىجارەت ئۈچۈن يولغا چىقساڭ يولداشسىز
(ھەمراسىز) چىقما. سەپەرگە ماڭساڭ ياخشى يولداش بىلەن
ماڭ، مەنزىل - قونالغۇلارغا بارغاندا كارۋانلار ۋە ئامىمنىڭ
ئوتتۇرىسىغا چۈشكىن. ئەگەر پىيادە بولساڭ ئاتلىق كىشى بىلەن
بىللە ماڭما. ئەگەر يولنى بىلمىسەڭ، يول ئۈستىدە بولار-
بولماس كىشىدىن يول سورىما. چۈنكى بۇزۇق، يامان ئادەملەر
سېڭا يامان يول كورسىتىپ قەست قىلىدۇ. يول ئۈستىدە ئۇچ-
راشقان ئادەملەرگە ئوچۇق چىراي سالام قىل، لېكىن ئوزەڭنى
ئاجىز كورسەتمە. ھوكۇمەتنىڭ باجگىرلىرىغا يالغان ئېيتىپ
خىيانەت قىلما. ئۇلارغا دوستانە مۇئامىلە قىل. ئۇلارمۇ ساڭا

نۇقسان - زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئاز - قىسقا يولغا چىقىشالىسىمۇ ئۈزۈقسىز چىقما، يول مەنزىللىرىدە، قونىدىغان جايىڭدا پالانى ئادەم "دوستۇم" دەپ ئىشىنىپ، كەلسە - كەلمەس ئادەملەرنىڭ ئۆي - جايىدا قونما. چۈنكى، كۆپ كىشىلەرنىڭ مىلىنى ۋە جېنىنى ئاشۇنداق "دوست" لار يوقاتقاندۇر. ئەمما، دوست دەپ ئۆي - جايىدا قونغان ئادەم سودا - تىجارەت ئەھلىدىن بولسا، زىيىنى يوق.

ئەگەر سوھبەتلەشمەكچى بولساڭ، ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنى تاللا: 1) مەرت ئادەملەر بىلەن سوھبەتداش بول. 2) مۇرۇۋۋەتلىك بۈيۈك ئادەملەر بىلەن سوھبەتداش بول. ئۇلار سېنىڭ مۇھتاجلىق ۋاقتىڭدا ياردەم كۆرسىتىدۇ. 3) كۆپنى كۆرگەن - يول بىلگەنلەر بىلەن سوھبەتداش بول. ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن يول خەتەرلىرىدىن خاتىرجەم بولىسەن.

ئەي ئوغۇل، بىر ئىشنى ئۆزەڭ ئىشلەشنى بىلسەڭ باشقىلارغا تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتمە. چۈنكى، زامانە ئادەملىرى سېنىڭ بىر ئىشىڭنى ئىشلىسە ئاجىز ۋە ھىيلە بىلەن ئىشلەيدۇ. سودىگەرچىلىكتە راست، توغرا سۆزلۈك، دىندار بول. چۈنكى، تىجارەتنىڭ زور سەرمايىسى — توغرا، راست سۆزلۈك ۋە توغرا ئىش قىلىشتۇر. ئېلىش - بېرىشتە تېز - تېتىك بولغىن، خەلق ئارىسىدا ياخشى نام بىلەن مەشھۇر بولغايسەن. مال ئالساڭ ئۇزاقتا، ئاستا سېتىلىدىغان مالنى ئالما. ئاز پايدا تەگسىمۇ تېز، كۆپ سېتىلىدىغان مالنى ئېلىشىڭ لازىم. چۈنكى، ئۇزاقتا، ئاز سېتىلىدىغان كۆپ پايدىلىق مالدىن تېز سېتىلىپ ئاز پايدا تېگىدىغان مال ياخشى، ئاز پايدا قىلسىمۇ تېز، كۆپ سېتىلسا يىغىلغان پايدىسى كۆپ بولىدۇ. يەنە ۋەدە بىلەن نېسىگە مال ئالما ۋە نېسى مال ساتما. چۈنكى، پايدىسى زىيانغا تەڭ كەلمەيدۇ. ئەگەر زورۇر كېلىپ ۋەدە بىلەن نېسى مال ئالساڭ - ساتساڭ ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلما: 1) ئازسەرمايىلىق ئادەم بىلەن؛ 2) تىجارەتكە يېڭى كىرىشكەن ئادەم

بىلەن؛ 3) دانىشمەن ـ دانا ئالىملار بىلەن ھەمدە قازى، مۇپ-
تىلار ۋە بۈيۈك ئادەملەر بىلەن. بۇ خىل ئادەملەر بىلەن
سودا ـ مۇئامىلە قىلىشسا پۇشايماندىن باشقا نەتىجە كۆرۈلمەيدۇ.
تونۇشمىغان ۋە سىناپ باقمىغان كىشىلەرنى مەسلىھەتكە قاتناش-
تۇرما. سىنالمىغان ئادەمدىن ئىمىن بولما. بىراۋنى سىناپ كۆر-
گەن بولساڭ، سىناپ باقمىغان كىشى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمە.
چۈنكى، بىر كىشىنى سىناپ كۆرۈشكە كۆپ ۋاقىت لازىم بولىدۇ.
دانالار ئېيتقانكى، "سىناپ كۆرۈلگەن شەيتان سىنالمىغان پە-
رىشتىدىن ياخشىراق". ئەگەر بىر ئادەمنى سىناپ كۆرمەكچى
بولساڭ دىققەت قىلىشىڭ كېرەككى، ئۇ ئادەم ئۆز ئىشلىرىدا
قانداق؟ چۈنكى، ئۆزىگە پايدىسى بولمىغان ئادەمنىڭ باشقى-
لارغا قانداق پايدىسى بولسۇن؟ تىجارەتتە نەقنى غەنىمەت
بىل. "نەق — نېسىدىن ياخشى". "يۈز دانە توز قۇشتەك نېسى-
دىن بىر قۇشقاچ چاغلىق نەق نەرسە ياخشى". قۇرۇقلۇق سەپى-
رىدە ئاقچاڭ يېرىم ئاقچا پايدا كەلتۈرسە، دەريا ـ دېڭىز سە-
پىرىدە ئون ئاقچا پايدا قىلسىمۇ، دەريا ـ دېڭىز سەپىرىگە ماڭما.
دەريا ـ دېڭىز سەپىرى خەتەرلىكتۇر. قۇرۇقلۇق سەپىرىدە بىرەر
ھادىسىگە دۇچكېلىپ پۇل ـ مېلىڭغا زىيان يەتسىمۇ جېنىڭ
سالامەت قالىدۇ. دەريا ـ دېڭىز سەپىرىدە ھادىسە يۈز بەرسە،
مال ـ مۈلكۈڭ ھالاك بولۇپلا قالماي جېنىڭمۇ كېتىدۇ. دەريا
پادىشاغا ئوخشىتىلىدۇ: پادىشا بىر كىشىنى ئاستا ـ ئاستا ئۈستۈ-
رۈپ، ئازغىنا خاتالىقى، گۇنايى ئۈچۈن يەرگە ئۇرىدۇ، ئىككىن-
چى باش كۆتىرەلمەس قىلىۋېتىدۇ. ئەي ئوغۇل، دەريا ـ دېڭىز-
لار خەتەرلىك ئىكەن، ئۇنىڭغا كىرىش ئەقىلدىن ئەمەس.
ئەمما كائىناتتىكى ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى كۆرۈش ئۈچۈن،
ئۆمرىدە بىرەر قېتىم دەريا ـ دېڭىز بىلەن سەپەر قىلىشقىمۇ
بولىدۇ. ئۇلۇغ دانالار: "كېمىلەر بىلەن دەريا ـ دېڭىزلارغا
سەپەر قىلغىلار، تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى تاماشا قىلغىلار"
دېگەن ئىدى.

ئەي ئوغۇل، ئالماق ـ ساتماق ۋاقتىدا يالغۇزلا ئۆز پايداڭنى كۆزەتمە، سېنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشىمۇ پايدا كۆرسۇن. ئۆز پايداڭنى دەپ باشقا كىشىلەرگە زىيان كۆزلىمە. ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ باشقا كىشىلەرگە زىيان سېلىش ــ ئىنسانىيەتچىلىك ۋە ئىنساپ ئەمەس. ئۆز ئىشىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئىشلە. باشقىلارنىڭ قىلىپ قويۇشىغا تاپشۇرما. سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدا ئېلىم ـ بېرىمنى دەپتەرگە يېزىپ قويغىن. پايدا-زىياننى تەكشۈرۈپ تۇرغىن، خىيانەت قىلىشتىن ساقلانغىن. خەلققە يوشۇرۇن ھىيلە قىلما، ئاقىۋەت ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزەڭگە قايتىدۇ. خەلققە خىيانەت ۋە ھىيلە قىلغان ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

بىر كىشىنىڭ كۆپلىگەن قويلىرى ۋە بىر پادىچىسى بار ئىكەن. پادىچى قويلارنى بېقىپ سۈتىنى سېغىپ، ھەر كۈنى خوجايىنىغا سۈت ئېلىپ كېلىدىكەن. خوجايىنى ئۇ سۈتكە تەڭ باراۋەر سۇ قوشۇپ ساتتۇرىدىكەن. بىچارە پادىچى خوجىسىغا نەسىھەت قىلىپ: ”ئەي خوجايىن، خەلققە مۇنداق خىيانەت قىلما، بىر كۈنى بۇ قىلمىشىڭنىڭ زىيىنىنى كۆرىسەن، دەيدىكەن. لېكىن تويماس خوجايىن پادىچىنىڭ بۇ نەسىھىتىگە ئېتىۋار بەرمەيدىكەن، داۋاملىق شۇنداق قىلىۋېرىدىكەن. پادىچى تەكرار نەسىھەت قىلىپ: مۇنداق خىيانەت قىلما، خەلقنىڭ ھەققى ئاقىۋەت ساڭا ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ، دېسىمۇ قوبۇل قىلمايدىكەن. قازارا كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كېچىسى پادىچى قويلارنى بېقىپ ھەيدەپ كېلىپ قوتانغا سولاپ قويۇپ، ئۆزى بىر ئېگىز جايغا چىقىپ يېتىپتۇ. ياز پەسلى ئىكەن، كېچىدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، بوران بىلەن سەل ـ قىيان كېلىپ، قويلارنى پۈتۈنلەي ئېقىتىپ كېتىپتۇ. پادىچى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھادىسە گىرداۋىدىن سالامەت قالغىنىغا تەشەككۈر ئېيتىپ، شۈكرى قىلىپ خوجىسىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. خوجايىن پادىچىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— ھە! بۈگۈن نىمە ئۈچۈن سۈت ئېلىپ كەلمىدىڭ؟
— قويىلار قېيان بىلەن كەتتى، — دەپتۇ پادىچى،— سۈتمۇ بىللە كەتتى.
— قويلار نىمە بولدى؟
— مەن ساڭا دىمىدىممۇ، — دەپتۇ پادىچى، — سۈتكە سۇ قوشما، خەلققە خىيانەت قىلما دەپ. مانا سۈتكە قوشقان سۇلار يىغىلىپ، سەل — قىيان بولۇپ قويلىرىڭنى ئېقىتىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ھىلىگەر خىيانەتچى باي ئۆزىنىڭ خائىنلىقى، شۇملۇغىدىن كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلالماپتۇ. قانچىلىك ئېچىنىشلىق بولسا، شۇنچىلىك ساپ - توغرا تۇرمۇش كەچۈرگىن. ھىلە - مىكىر قىلىشتىن ئۆزەڭنى ساقلا. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى، "ھەركىم مىكىر - ھىلە بىلەن تىرىكچىلىك ئۆتكۈزسە پەقىرلىق، كەمبەغەلچىلىك بىلەن دۇنيادىن كېتىدۇ". كىشىنىڭ بىر قېتىم خىيانىتى ئاشكارا بولسا، خەلق ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. خەلق بىلەن راست - توغرا مۇئامىلە قىلغان ئادەم مەڭگۈ ئىززەتلىك، دولەتلىك بولىدۇ. مۇئامىلىدە خەلققە نىسبەتەن سېخى، كەڭ قوللۇق بولغايسەن. بىر ئىشتا ۋەدە قىلساڭ، ۋەدىگە ۋاپا قىل، يالغانچى، ۋاپاسىز بولما. ئالماق - ساتماق، مۇئامىلىدە مالنى، پۇلنى قولۇڭغا تاپشۇرۇۋالماي تۇرۇپ ھوججەت بەرمە، ھوججەت ئالما. چۈنكى، كوپ كىشىلەر بىپەرۋالىق قىلىپ، مالنى قولىغا ئالماي تۇرۇپ ھوججەت بېرىپ زىيان تارتقان. ھەر يەردە ئېلىم - سېتىم قىلىشساڭ ئىشەنچىلىك بىر ئادەمنى دوست تۇتقىن. نادان - ئەقىلسىز كىشى بىلەن يولداش (سەپەرداش) بولما. ياخشى يولداش تاپماي تۇرۇپ يولغا چىقما. "يەنداش ھازىر قىلىپ ئاندىن يولغا چىق" دىگەن گەپ بار. ئەگەر بىر كىشى سېنى ياخشى ئادەم دەپ پەرەز قىلسا، سەنمۇ ئۇنىڭ ساڭا بولغان توغرا زايا قارىشىنى زايا قىلما (يامانلىق نىيىتىدە بولساڭمۇ كىشىلەر سېنى ياخشى ئادەم دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرگە يامانلىق قىلما). بىر شەھەرگە بېرىپ مال

ساتساڭ، شۇ شەھەرنىڭ مال باھاسىنى بىلمەي تۇرۇپ ساتما ۋە ئالما. بىرنەرسە ئالساڭ، يارىمىسا قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئال. تىجارەتتە ئېغىر - سالماق، سەۋرىلىك بول. ئالدىراپ ئالما، ئالدىراپ ساتما. قىممەتچىلىك ۋە قەھەتچىلىك كېلىشىنى كۈتۈپ مال بېسىپ قويما، بۇ — ئەڭ يامان نىيەتتۇر. ئەگەر تىجارىتىڭدە زىيانغا يولۇقساڭ، لايىق تەدبىر ئىزلەپ ئىشلىرىڭنى تۈزەتكىن، ئىسراپخورلۇق قىلما.

## يىگىرمە توتىنچى باپ. تىببى ئىلىم ھەققىدە

ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: "ئىلىم ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ھېپزى سەھھەت (تىب) ئىلمى، يەنە بىرى، تۈرلۈك دىنلارنى بىلىش، تەتقىق قىلىش ئىلمى" دېگەن ئىدى. بۇ يەردە تىب ئىلمى دىن ئىلمىدىن ئىلگىرى بايان قىلىندى. چۈنكى، ئىنساننىڭ تېنى ساغلام بولمىسا، دىننىڭ ئىبادەتلىرىنىمۇ قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئىنسان ساق - سالامەت بولسا، دىننىڭ ئىبادەتلىرىنى، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىب ئىلمى ئىلگىرى قويۇلدى. ئەگەر تەبىب بولساڭ، تىبنىڭ ئەسلىنى ياخشى بىلگەيسەن. تىب ئىككى قىسىم بولىدۇ: بىرى، تىببى ئىلمى (تىب ئىلمىنىڭ نەزىرىيىسى)؛ يەنە بىرى تىببى ئەمەلى (تىب ئىلمىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىش). بۇلارنى ياخشى تەتقىق قىلىپ بىلىش كېرەك. چۈشىنىش لازىمكى، ئادەمنىڭ بەدىنىدە بار نەرسىلەر بەدەنىنىڭ بەرپا بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئامىلدۇر، مەسىلەن، ئەقىلغا ئوخشاش. ئەگەر ئادەمنىڭ ئەقلى يوقالسا، بەدەن ئۆز ھالىتىدە تۇرالمايدۇ، يىقىلىدۇ. يەنە بىرى، بەدەنىنىڭ قۇۋۋىتى شۇنىڭ بىلەن بولىدۇ — بۇ قاندۇر. ئەگەر قان كەتسە بەدەن ئاجىزلىشىدۇ. يەنە بىرى جاندۇر، جان بىلەن بەدەن ھەركەتكە كېلىدۇ، ھالەتتىن ھالەتكە يۆت-

گىلىدۇ، ھەركەتلىنىدۇ. جانسىز بەدەن ھەركەت قىلمايدۇ. بۇ ماد-دىلار تەبىىدۇر. ئەلۋەتتە ئادەم بۇ نەرسىلەرسىز تىرىك بو-لالمايدۇ. ئادەمدە تاشقى تەركىپ بولىدۇ، ئۇ بەدەننىڭ تاشقى تەرىپىدىن پايدا ياكى زىيان قىلىدۇ، ۋاستە بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى ئۆككىنچى كىشىدىن ئىنتىقام ئېلىش قەستىدە بولسا، يالغۇز بولغاندا ئىنتىقام ئالالمايدۇ. بولۇپمۇ دۈشمىنى ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغاندا ئىنتىقام ئېلىشقا پېتىنال-مايدۇ. ئەگەر ياردەمچىسى بولسا، غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخ-شاش بۇ ماددىلارنىڭ بىر - بىرىگە مۇۋاپىقلىششى بىلەن بەدەن ھاياتى كۈچ ھالىتىدە بەرپا بولالايدۇ.

4 خىلىت ئىنسان بەدىنىدىكى تەركىپ (تۈزۈلۈش) تىندۇر. بۇنى تىب ئالىملىرى ئۇسلۇبىدا "ئىستىقسات ۋە ئاناسۇرى ئەربەئە" (ئىپتىدا بولغان ماددا) دېيىلىدۇ. ئاناسۇرى ئەربەئە — سۇ، ئوت، شامال، تۇپراقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنسانىنىڭ ئىپتىدائى يارىتىلىشىدا بار ماددا دېمەكتۇر. بۇ ماددىلار ئىنسان مىجە-زىگە يېقىن (مۇرەككەپ) دۇر. ئادەمدىكى مىجەز توققۇزدۇر: بىرى موتىدىل مىجەز، قالغان سەككىزى غەيرى موتىدىل (غەيرى نورمال مىجەز) دۇر. بۇ سەككىز خىل مىجەزنىڭ توتى يال-غۇز ھالەتلىك، توتى مۇرەككەپ (بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك) دۇر. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئادەم ئەزاسى خىلتلار بىلەن مۇ-رەككەپتۇر؛ خىلىت — مىجەز بىلەن مۇرەككەپتۇر. مىجەز — ئانا-سۇر (ئېلېمېنت) بىلەن مۇرەككەپتۇر. ئاناسۇر — بەدەننىڭ چوڭ-قۇر ماددىسىدۇر. بۇنىڭدىن سۈرەت (شەكىل) جىنسىغا تەئەللۇق بولغىنى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: 1) "قەۋا" (كۈچ)؛ 2) روھ؛ 3) پائالىيەت. قەۋا ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: 1) نەپسانى (ھاياتىنىڭ زاتى)؛ 2) ھايۋانى (ئادەمنىڭ تىرىك بولۇشى)؛ 3) تەبىى. نەپسانى ھەم ئۈچ تۈرلۈك: 1) ئىدراكى كۈچ (ئادەمنىڭ بىر-نەرسىنى ئىدراك قىلىشى). بۇ ئىدراكى كۈچ 5 تۈرلۈك بولىدۇ: (1) ھىسسى قۇۋۋەت؛ (2) كورۇش كۈچى؛ (3) ئاڭلاش كۈچى؛

(4) پۇراش كۆچى؛ (5) تېتىش، سىلاپ - تۇتۇپ بىلىش كۆچى.

ھەركەت قۇۋۋىتى شۇكى، ئۇنىڭ سانى ئادەم ئەزالىرىنىڭ تۈر سانى قانچە بولسا، شۇنچە بولىدۇ. ئىدراكىي قۇۋۋەت ئىچكى ئەزادا بولىدۇ، ئۇ خىيال، پىكىر، ئەس - يادىغا كەلتۈرۈش. ھايۋانى تەبىئەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: 1) قىلغۇچى ۋە قوبۇل قىلغۇچى، تەبىئى مىجەز تۇغدۇرغۇچى، تەربىيىلىگۈچى؛ 2) پائالىيەت ۋە نەپسانى مىجەز — مىجەزى تەبىسىنىڭ سانى باراۋىرىدە بولىدۇ. چۈنكى، روھ — قۇۋۋەتنىڭ خىزمەتكارى ۋە پائالىيەتنىڭ پەيدا بولۇش ئورنىدا بولىدۇ. پائالىيەت بولسا، قۇۋۋەتنىڭ تەسىرىدۇر. پائالىيەت — ھەممىسى بەرپا بولۇپ تۇرۇشنىڭ سانى باراۋىرىدە بولىدۇ. روھ 3 تۈرلۈك بولىدۇ: نەپسانى، ھايۋانى، تەبىئى. بۇنىڭغا تەۋە بولغۇچىلار بەدەننىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، بەرپا بولۇپ تۇرۇشى، سىباتى. مەسىلەن، سىمىزلىككە ئوخشاش. بۇ، ئادەم مىجەزىنىڭ سوغاقلىقىغا تەۋەدۇر. ئورۇقلۇق — ئادەم مىجەزىنىڭ ئىسسىقلىقىغا تەۋەدۇر. ئادەم بەشەرىسى (يۈز - قىياپىتى) نىڭ تېنىنىڭ قىزىللىقى قانغا تەۋەدۇر. يۈز - قىياپىتى، تېرىنىڭ سېرىقلىقى سەپراغا تەۋەدۇر. تومۇرنىڭ ھەركىتى ھايۋانى (ھاياتى) قۇۋۋەتنىڭ كۆچىگە تەۋەدۇر. تومۇرنىڭ شۇك تۇرۇشى قۇۋۋىتى مۇنىپىلە (خىجىللىق، ئۇيىتىش ...) گە تەۋەدۇر... بەدەننى بىر ھالدىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكەيدىغان نەرسە زورۇرى سەۋەپ دېيىلىدۇ. ھاۋا، تاماق، ھەركەت، شۇك تۇرۇش، ئۇخلاش، ئويغاقلىق، تەبەتنىڭ تۇتۇلۇشى ۋە راۋانلىقى، نەپسى ناتىقەگە يۈزلىنىدىغان نەرسىلەر، غەم - قايغۇ، غەزەپ، قورقۇش قاتارلىقلار زورۇرى سەۋەپتۇر. مۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەۋى، يۇقۇرقى ھالەتلەر ئادەمگە دۇچكېلىشتىن ساقلىنىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ بەدىنىگە تەسىر يېتىدۇ. بۇ نەرسىلەر نورمال بولسا، ئادەم سىھھەت بولىدۇ. ئەگەر بۇ ھالەتلەر بۇزۇلسا، بە-

دەندە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، غايەت توقلۇق ياكى
ئاچلىق، كۆپ ئۇخلاش، غايەت ئۇيقۇسىزلىق، غايەت خۇشاللىق
ياكى غايەت قورقۇش يۈز بەرگەندە ئادەم كېسەل بولىدۇ.
ئەي ئوغۇل، تىب ئىلمى جالىنوس ئەسىرى شەرھىدە "16 تۇر"
گە بۆلۈنىدۇ. بۇنى ئىستىقسات بابىدىن، خىلىت ئىلمىنى "16 تۇر"
نىڭ ئىككىنچى ماقالىسىدىن ۋە ئوخشاش ئەزالار بايانىدىن، دىاگ-
نوز بابىدىن كۆرۈۋالغايسەن. يەنى تىب ئىلمىدە
ماھىر بولۇشنى خالىساڭ، «كەۋنى ۋە پاسات» كىتاۋىدىكى مى-
جەز ئىلمىنى ئۆگەنگىن. ئەجرامى ساماۋى (ئاسمان جىسىملىرى)
تەركىۋىدە ۋە ئالەمدە نىمىلەر بارلىقىنى ئۆگەنگىن. "قەۋا" ۋە
پائالىيەت - ھەركەت ئىلمىنى "كىتاۋىي نەپىس" ۋە ھىس، ھىس
قىلىنغۇچى شەيئىلەر ھەققىدىكى كىتاپلاردىن ئۆگەنگىن. ئەزالار
ئىلمىنى «كىتابۇلھايۋان» دىن ئۆگەنگىن. سەۋەپ ۋە كېسەللىك
ھەققىدىكى بىلىمنى «سىتتەئەشەرە» (16 تۇر) نىڭ بىرىنچى ما-
قالىسىدىن ئۆگەنگىن. بۇ كىتاپلارنى ئوقۇپ تەتقىق قىلساڭ، تىب
ئىلمىدە زور ئالىم بولىسەن. ئەي ئوغۇل، تىبنىڭ ئىلمىي قا-
راشلىرىنى بىر ئاز بايان قىلدىم.

ئەمدى تىبنىڭ ئەمەلىيىتىدىن بىر ئاز بايان قىلىشىم لازىم. ئى-
لىم ۋە ئەمەلىيەت — تەن بىلەن جانغا ئوخشاشتۇر. جان — تەن-
سىز بولمايدۇ، تەن — جانسىز بولمايدۇ. ئەگەر بىر كېسەلنى
داۋالىماقچى بولساڭ، ئاۋال كېسەلنىڭ ياش ۋە قېرىلىرىنىڭ
تائامىنى تەكشۈرۈپ كۆر. ئەگەر كېسەل قېرى ئادەم بولسا، يې-
مەك - ئىچمەكلىرى قانداق بولۇشى كېرەك، ئوتتۇرا ياشلىق ئا-
دەمنىڭ تائامى قانداق بولۇشى كېرەك، ياكى كىچىك بالا
بولسا قانداق تائام يېيىشى كېرەك؟ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن
كېيىن، كېسەلنى داۋالاشقا كىرىشكەيسەن. كېسەلنىڭ تائامىنى
ۋە كېسەلنى بىلمەي تۇرۇپ داۋالاشقا كىرىشمىگەيسەن. بىلگىن-
كى، كېسەل ئۈچۈن ئەسلى ئىلاج غىزادۇر. داۋالاش — ئىككى
تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، كېسەلگە تائام يېگۈزۈش، ئىچۈرۈش؛ يەنە

بىرى، يىمەك - ئىچمەكنى مەنئى قىلىش. بۇ ئىشلارنى بىجىرمەي تۇرۇپ داۋالاشقا ئۆتمەسلىك كېرەك. ئالدى بىلەن تېبىب بولغۇچى كىشى كېسەلنىڭ بەدىنىدە قانچىلىك تىرۋۇستى بار؟ كېسەل نىمە سەۋەپتىن پەيدا بولغان؟ كېسەل كىشىنىڭ مىجەزى قايسى خىلدا؟ كېسەلنى داۋالاشقا كىرىشكەن پەيسىل يازمۇ، باھارمۇ؟ كۈزمۇ، قىشمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى كېرەك. ئۈنىڭدىن كېيىن كېسەلنىڭ تومۇر ھەركىتىگە قاراش لازىم. تېبىب شۇنى بىلىش لازىمكى، كېسەلنىڭ بۇھران ئالامەت (بەلگە) لىرى ياخشىمۇ، يامانمۇ؟ تىبىدە بۇھران دەپ ئاتالغان ھالەت شۇكى، بەدەننىڭ ئەسلى تەبىتى ئىللەت ماددىسى (كېسەل ئېلمېنتى) بىلەن جەڭ قىلىدۇ. تەبىئەت غالىپ كەلسە، بۇھران تامام بولىدۇ، ياخشىلىقتىن ئۈمىت بار. ئەگەر تەبىئەتتىن كېسەل ماددىسى (ئېلمېنتى) غالىپ كەلسە ناقىستۇر، يەنى ياخشى ئەمەستۇر. يەنى كېسەلنى تەكشۈرگەندە كېسەلنىڭ سەۋەبىنى، مىجەزىنى، يېشىنى، كېسەل كىشىنىڭ قىلغان ئىشىنى، كېسەلنىڭ خاھىشىنى، كېسەل بولغان يېرى ۋە ئىستىمىسىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرگەي ۋە تەتقىق قىلغاي.

بىلىش لازىمكى، ئىسسىقتىن بولغان كېسەلگە قارىتا قانداق داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ تىب قانۇنىغا مۇۋاپىق داۋالاش لازىم. بۇ ھەقتە تەپسىلى بايانات بېرىلسە ھەربابىغا بىر كىتاپ كېرەك بولىدۇ. تېبىب (دوختۇر) كېسەلخانىدا كوپ خىزمەت قىلغان بولۇشى لازىم. ئۇ، تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ شەكلى ۋە كەيپىياتىنى تونۇپ ئالغاي. ھەرقانداق ئاغرىقنىڭ نامىنى، شەكلىنى بىلىشى (تونۇپ ئېلىشى) لازىم. ئەگەر تېبىب كېسەلنى تونۇمىسا ۋە ئىسمى (دىئاگنوزى) نى بىلمىسە، بۇ بەكمۇ زور نادانلىقتۇر. تېبىب تىببى كىتاپلاردىن ئوقۇپ كورگەن، تەتقىق قىلغان نەرسىلەرنى ئۆز ئەينى بويىچە ئالدى بىلەن ئاغرىق ئادەمنىڭ ئۆزىدە كورەلىشى لازىم. داۋالاشتا مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ، مەن بۇ كېسەلنى جەزمەن داۋالايمەن، دىمە. كىچىك

پىللىق بىلەن ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ كىتاپلىرى ۋە ئىلمىي تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ ئىشلىگەيسەن. تەبىپ ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغاي، ئۆزىنى، تېنىنى پاك تۇتقاي، خۇشبۇي يۇرگەي. كېسەل كورگەندە چىرايىنى ئوچۇق تۇتۇپ، ياخشى سوزلۇك بولغاي. كېسەلگە قۇۋۋەت بېرىپ سوزلىگەي. چۈنكى، تەبىبنىڭ كېسەل ئادەمگە مەدەت بېرىشى تەبىي ھارارەت ۋە روھى كۈچ بېغىشلايدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئېسىڭدە تۇرسۇنكى: كېسەلنى ئۇخلاپتۇ دەپ گۇمان قىلساڭ، چاقىرغىنىڭدا جاۋاپ بەرمىسە، سېنى تونۇمىسا، كوزىنى پات - پات ئېچىپ يۇمسا؛ قولىنى ھەرتەرەپكە تاشلاپ ئورۇلۇپ ياتسا؛ ئەگەر بېھۇش بولسا، ھەرۋاقىت قىچىرسا؛ قولىنى تاشلىسا؛ كوزىنىڭ ئېقى ئاۋالقى ھالىتىدىن ئاقراق، قارىسى ئاۋالقىدىن قارىراق بولۇپ لېۋىنى يالىسا؛ يوتەلسە، بەلغەم توپروگىنى بىرنەرسىگە ئېلىپ قورۇتۇپ، يۇغاندا، بەلغەم - توپرۇكىنىڭ لاتا رەختتە ئىزى قالسا، قەي قىلسا (قۇسسا)، قۇسۇق ھەر خىل رەڭدە بولسا؛ قاتتىق ھەسەت، كۇندەشلىك ياكى قاتتىق غەم - قايغۇ تەسىرىدىن ئاغرىغان بولسا؛... بۇلارنىڭ ھەممىسى يامان ئالامەتتۇر. داۋالىمىغىن، پايدىسى يوقتۇر. كېسەلدە يۇقۇرقىدەك ئالامەتلەر كورۇلمىسە داۋالاشتىن ۋە سىھھەت تېپىشتىن ئۇمىت قىل.

ئەگەر كېسەلنىڭ ھالىتىنى تەكشۇرمەكچى بولساڭ، تومۇرىنى تۇتۇپ كور. كېسەلنىڭ تومۇرى قىزۋۋەتلىك بولۇپ، بارماقلار ئاستىدىن ئوتكەنلىگى بىلىنسە قان غالىپ (ئۇستۇن) دۇر. ئەگەر تومۇر ئىنچىكە بولۇپ تېز سوقسا سەپرا ئۇستۇندۇر. ئەگەر تومۇر بارماق ئاستىدا ئىنچىكە ۋە سۇس، بەزىدە يوغان سوقسا، ھوللۇك بەلغەمنىڭ ئۇستۇنلۇگى. تومۇر ئېتىلىپ قوپال سوقسا، قورۇقلۇق سەۋدانىڭ ئۇستۇنلۇگى. ئەگەر تومۇر چوڭ - كىچىك، ئاستا - تېز، مۇرەككەپ سوقسا دىققەت قىلىپ، قايسى تەرىپى ئۇستۇن بولسا، ئۇستۇن تەرەپكە ھوكۇم قىلغايسەن. بۇ ھال ماددىنىڭ

مۇرەككەپلىكى، يەنى قان، بەلغەم، سەپرا ۋە سەۋدا ئارىلاشقان-لىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

تومۇر ھالىتىنى تەكشۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، كېسەلنىڭ سۈي-دۈكىنى شىشىگە ئېلىپ تەكشۈرۈش لازىم. سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق ۋە قويۇق بولسا، قايغۇ - ھەسرەت، ئەلەمدىن بولغانلىقى-نىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق ۋە سۈزۈك بولسا بەدەندىكى خىلىت (ماددا) لارنىڭ خاملىقى، پىشمىغانلىقىنىڭ ئا-لامىتىدۇر. ئەگەر سۈيدۈك كوكۈش سېرىققا مايىل بولسا، ئىچىدە قارامتۇل نەرسە بولسا، ئۆچەي ئاغرىقى تەسىرىدۇر. ئەگەر سۈي-دۈك سۇ يېغىغا ئوخشاش رەڭدە بولۇپ، سۈزگەندە تېگىدە سې-رىقچە كورۈلسە، كېسەلنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشقانلىقى (ۋاپات بولۇش) ئالامىتىدۇر. سۈيدۈكنى شىشىگە ئېلىپ تەكشۈرۈلگەندە ئۈستى سې-رىق، ئاستى قارامتۇل كورۈنسە، كېسەل ئوپكە ۋە تالىدىن بول-غانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئۈستىدە قارالىق بولسا، دورا قىلماسلىق لازىم. سۈيدۈكنىڭ تېگى يېشىل ياكى سېرىق بولسا، يامان ئالامەتتۇر. سۈيدۈك يېشىل ياكى سېرىق بول-سا، پات سەھەت تاپىدۇ. ئەگەر كېسەل كىشى جويلۇسە، سۈيدۈ-گى قىزىل، قارامتۇل بولسا ياكى قان ئارىلاش بولۇپ كوپۇ-گى ئۈستىدە بولسا، ئېھتىيات قىلىش لازىم. ئەگەر سۈيدۈك قا-را بولۇپ ئۈستىدە قانغا ئوخشاش نەرسە بولسا، مۇنداق كې-سەلگە يېقىن كەلمە (داۋالىما، ئەھمىيىتى يوق). ئەگەر سۈيدۈك رەڭگى قارا بولۇپ، ئۈستىدە كوپۇك بولسا ياكى ئۈستىدە قان-غا ئوخشاش نەرسە بولسا، ئۇ كېسەل كىشى بىلەن رازىلىشىش كېرەك. ئەگەر سۈيدۈك سېرىق بولۇپ، ئىچىدە قۇياش زەررىسى-دەك نەرسىلەر بولسا، كېسەل قاندىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. قان ئالدۇرسا پاتلا سەھەت تاپىدۇ. قان سېرىق بولۇپ ئاق سې-رىقلار بولسا، كېسەل ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. ئەگەر سۈيدۈك سېرىق بولسا، كېسەل تالىدىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر سۈيدۈك يېشىل قا-رامتۇل بولسا، ئىسسىتما — تىپدۇر. ئەگەر سۈيدۈك ئېقىش بولسا،

سىركە قۇرۇتىدەك نەرسىلەر كورۇنسە، يەللىك باۋاسىر (گىمرۇي) نىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەي ئوغۇل، تومۇر ۋە سۇيدۇك ئالامەتلىرىنى بىلدىڭ، ئەمدى كېسەلنىڭ تۇرلىرىنى بىلىشىڭ زورۇر. كېسەلنىڭ جىنسلىرى (تۇرى) كوپ. ئەگەر كېسەلنى تونۇساڭ غىزا بىلەن داۋالاشنى قوللان. ئالدىراپ دورا بېرىشكە كىرىشمە. كېسەلگە سۇرگە بېرىشنى رەت قىلما. كېسەل ئېغىر بولسا، يەككە داۋا بىلەن داۋالاش لازىم. ھەرگىز كېسەلگە توھمەت قىلما. كېسەل كىشىنىڭ قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىن. كېسەللەر قوبۇل قىلالمايدىغان يىمەكلىك، داۋانى بۇيرۇما. زىيان قىلىدىغان نەرسىنى يىگەن بولسا، ئۇنى دەپئى قىلىدىغان داۋا قىلغىن. يەنە تەبىبنىڭ ئەڭ ياخشى ماھارىتى كېسەلنىڭ تۇپكى خاراكتىرىنى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ دورىلارنى توغرا، ئېنىق تونۇشتۇر.

تىب ئىلمى ھەققىدە بىرئاز سوزلىدىم، لېكىن بۇلار تېخى تىببى ئىلمىنىڭ ھەممىسى ئەمەس.

## يىگىرمە بەشىنچى باپ. ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە ئىلمى) ھەققىدە

ئەي ئوغۇل ،ئەگەر ئاسترونومىيىنى ئۇگەنمەكچى بولساڭ، دەسلەۋىدە ھساپ ئىلمىنى (ئالگېبرا، مۇقابىلە، ئولچەم) پەنلىرىنى ئۇگىنىشكە تىرىشقىن. بۇنىڭ تۇرلىرى كوپ ۋە مۇشەققەتلىكتۇر. ئاسترونومىيە كىرىپ تىرىشىپ جاپا چەكمىگۇچە ھاسىل بولمايدۇ. ھىساپ (ئىلىم رىيازى) نى ئۇگەنمىسەڭ، ئاسترونومىيە ئىلمىدىن مەقسىدىڭنى ھاسىل قىلالمايسەن، چۇنكى، بۇ پەندە كىشى خاتا قىلماسلىق دەرىجىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ پەننى كوپ تەجرىبە قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا خاتالىشىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئاسترونومىيە ئىلمىنى ئۇگەنسەڭ، تەقۋىم (كالىن-

دار) چىقىرىشقا تىرىش. بىر يىلنىڭ ئەھكامىنى كالىندار بىلەن
چىقارساڭ، خاتا قىلماسلىققا تىرىشىشىڭ لازىم. كالىندار تۈزەش-
تە ئۇستاز بولۇشۇڭ كېرەك. كالىندادا توغرا ھوكۇم چىقارساڭ،
تالەي - ئامەت توغرا كېلىدۇ. لېكىن، ئىستىغراجىگىغا (ئۇز
ھوكۇمىگىلا) تايانما، كوپ جاپا چېكىپ توغرا ھىساپلاشنى قول-
غا كەلتۈر. ھەرقاچان ھىساۋىڭ توغرا بولسا، تالەيدىن ياكى
تۇغۇلغۇچىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن بىلىشنى خالىساڭ، يولتۇزلار
ئەھۋالىنى ۋە تالەي ئىگىسى ئەھۋالىنى ھەر بىر بۇرج (پىلانىتلار-
نىڭ سەير قىلىش دائىرىسى) دىن، ئاي شارىنىڭ سەيىر
دائىرىسىدىن ۋە ھەر دائىرىنىڭ مىجەزىدىن، يۇلتۇزلارنىڭ مى-
جەزىدىن، يۇلتۇزلار ئايغا ئۇچراشسا قانداق ئەھۋاللار يۈز بې-
رىشىدىن بىلىمىڭ بولۇشى لازىم.

يەنە ئۇن ئىككى ئوقنى بىلىش لازىم، ئاندىن كېيىن ئاي-
نىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىل. نەس ۋە بەخت يولتۇزلىرىدىن
قايسىسىغا ھاۋالە بولغانلىقىنى بىلگىن. يۇلتۇزلارنىڭ بىر - بى-
رىگە قارشى ئۇچرىشىشى ۋە قايتىشى، يۇلتۇزلارنىڭ بىر - بىرىگە يې-
قىنلىشىشى، ئۇز دائىرىسىدىن يىراق بولغان يۇلتۇز قانداق ۋە يې-
قىن تۇرۇشتىن يىراقلاشقان يۇلتۇز نىمە، سەيىر (دەۋىر) قىلىشتىن
خالى يۇلتۇز ۋە يارىماس ھەركەتلىك يۇلتۇز قايسى؟ بىلى-
شىڭ لازىم...

## يىگىرمە ئالتىنچى باپ. شېئىر ۋە شائىرلىق ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ئەگەر شائىر بولۇپ شېئىر ئېيتىشنى مەقسەت قىلساڭ،
شېئىردا ئىشلەتكەن سوزۇڭ روشەن بولسۇن، ئۇزەڭ بىلسەڭمۇ باشقى-
لار بىلمەيدىغان يوشۇرۇن - مەۋھۇم سوزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلان.
يەنى شېئىردا بىر سوزنىڭ مەنىسىنى ئۇزەڭ بىلىپ، باشقىلار بىل-

مەيدىغان شېئىرنى سوزلىمە. چۈنكى، سېنىڭ شېئىرىڭ باشقا
كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ھېچقاچان شېئىرنى شائىر ئۆزى ئۈچۈن
سوزلىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرنىڭ مەنىسى روشەن ئېنىق بولۇشى
كېرەك. شېئىرنى ھەركىم ئوقۇشقا رىغبەتلەندىسۇن. شېئىر ھامان ۋەزىنە
قاپىيىلا ئەمەس. پىكىرسىز، تەرتىپسىز ۋە سەنئەتسىز شېئىر ئېيتما.
تەجنىس، تەتبىق، زىددىيەت، ئوخشىتىش، ئىستىئارە، مەكىر، رەدىف
قاتارلىق تۈرلۈك سەنئەتلەرنى شېئىردا ئىپادە قىل. ئەمما
بۇ قائىدە - ئۇسۇللارنىڭ تەپسىلاتى ئەرۇز ئىلمى كىتابلىرىدا
بايان قىلىنغان. ئېيتقان شېئىرلىرىڭ خەلقنىڭ كوزىگە مەرغۇپ،
دىلىغا مەھبۇپ بولسۇن دېسەڭ، سوزنى ئىستىئارە سوزلە. لېكىن
ئىستىئارەنى مەدھىيە شېئىرلىرىدا كوپ ئىشلەتكىن. بولۇپمۇ مەد-
ھىيىلىگەن ئادىمىڭ كامالەت ئەھلى بولسا، ئىستىئارە ئىشلەتسەڭ
مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەمما، شېئىردا غەزەل يازساڭ شېئىر ئوقۇغۇ-
چىلار ئۈچۈن كوپ سەنئەتلىك بولمىسىمۇ زەرەر قىلمايدۇ. لې-
كىن غەزەلدە لېتاپەت كېرەك، قاپىيە زورۇر. غەزەل باشتىن -- ئا-
خىر بىر قاپىيىدە بولۇشى لازىم. مەجھۇل قاپىيىدە بولمىسۇن.
كېرەك بولمىغان يەردە ئەرەپچە ۋە قىيىن سوزلەرنى كىرگۈزۈپ
شېئىرىڭنى سوغاق ۋە چۈشىنىكسىز قىلىپ قويما. شېئىرىڭدا لى-
رىك شېئىر ئېيتساڭ، ئاشىقلارنىڭ سۈپەت ۋە ھالىغا كورە لېتا-
پەتلىك (نازۇك مەزمۇندا) ئېيتقىن. شېئىردا گۈزەل، ياخشى
مىساللارنى كەلتۈرگىن، ھەممە كىشىگە خۇش كورۇنسۇن، شېئى-
رىڭ شوھرەت قازانسۇن. شېئىرنى ھەرگىز ئەرۇزنىڭ ئېغىر ۋە
تەبىئەتكە ياقماس ۋەزنىدە ئېيتما. ئېغىر ۋەزىنلىك شېئىرنى كى-
شىلەر ئوقۇشنى خالىمايدۇ. نازۇك - ھۇشيار تەبىئەتلىك شائىر-
لار ئېغىر ۋەزىنلىك شېئىر ئېيتمايدۇ. سەن شائىر ئىكەنسەن، ئە-
رۇز ئىلمىنى ياخشى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. شېئىر ئىلمىدە سەنئەتلىك
بەيتلەرنى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى ئۆگەن. ۋاقتى
كېلىپ شائىرلار ئارىسىدا ساڭا قارىتا مۇنازىرە قىلىنسا ياكى
ئىمتىھان ئۈچۈن سوئال قويۇلسا، جاۋابىدا ئاجىزلىق ھالەتكە

چۇشۇپ قالمىغايسەن. ھەر بىر ئېيتقان شېئىرىڭ تەۋھىد ياكى نەئەت، ياكى مەدھىيە، ياكى غەزەل، ياكى ھەجۋە بولسۇن، شېئىرىڭ ئەنە شۇ تۈرلىرى مۇناسىپ ۋە مەرتىۋىسىگە لايىق بولسۇن. مەدھىيە شېئىردا قارىتىلغان زاتنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان سۈپەتلەر بىلەن مەدھىيىلىمە. ھەجۋە قىلساڭ، ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى يۈكلىمە. ئەگەر مۇناسىۋەتتىن تاشقىرى نەرسە سۆزلىسەڭ، سۆز (شېئىر) دە زۇلۇم قىلغان بولىسەن. بەزى سۆزلەر بولىدۇكى، كىشىلەر ئۇنى شېئىر - نەزمىدە سۆزلەشنى، نەسىردە سۆزلەشنى قەبىھ (يامان) كۆرىدۇ. مۇنداق سۆزلەرنى شېئىر، نەزم، نەسىردە سۆزلىمە. چۈنكى، نەسىر پۇقرا ئورنىدا بولسا، شېئىر پادىشا مەرتىۋىسىدەدۇر. پۇقراغا لايىق بولمىغان نەرسە پادىشاغا قانداق لايىق بولىدۇ؟ ئەگەر تۈركىي تىلدا غەزەل ئېيتساڭ ۋەزنى خۇش ۋە تەبىئەتكە يېقىملىق بولسۇن، ئاڭلىغانلارنىڭ كۆڭلى يايرىسۇن. بىراۋ ھەققىدە ئېيتساڭ، ئۇ ئادەمنىڭ مىقدارى، دەرىجىسىنى بىلىپ ئېيتقىن. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ مەرتىۋىسىدىن ئاشۇرۇۋەتسەڭ مەدھىيەڭ ھەجۋە بولىدۇ. يەنى ھەر شەخسنى قانداق مەدھىيىلەش كېرەكلىكىنى بىلگىن. ئۇنىڭدا يوق سۈپەتلەرنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلما. مەسلەن، ئۆمرىدە پىچاق تۇتمىغان كىشىنى قىلىچ بىلەن ئارسلاننى ئۆلتۈردۈڭ دېمە. بىر كىشى ئۆمرىدە ئېشەككە مىنمىگەن بولسا، سەن ئۇنى ئېتىڭ دۈلدۈلدىن چاپقۇر، رەخشىڭ ئىدركەك شىرغا ئوخشاش دېگەن سۆزلەر بىلەن مەدھىيىلىمە. بىراۋنى مەدھىيىلىمەكچى بولساڭ، قانداق مەدھىيىلەش كېرەكلىكىنى بىل ۋە مەدھىيىلەنگۈچىنىڭ ئەھۋالىغا قانداق سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىغا قاراپ مەدھىيىلىگىن:

ئەي شائىر، ھىممەتسىز، غەيرەتسىز، ھەقىر (خور مىجەز) بولما، ئۆزەڭنى خورلىما. قەسىدە، شېئىرلىرىڭدا مەدھىيىلىگەن شەخسنى پەلەككە كۆتىرىپ، ئۆزەڭنى خورلاپ "مەن سېنىڭ قۇلۇڭ"، "چاكىرىڭ" دېگەندەك رەزىل سۆزلەرنى قىلما. شۇنداقلا كىشىنى

ھەجۋە قىلىشتىن ھەزەر قىل. ھەرقانداق كۈپتىكى سۇ تامامەن ساپ
بولمايدۇ، ئادەمدە ئەيىپ - نۇقسان بولىدۇ. ئەگەر سەن بىراۋ-
نى ئەيىپلەپ ھەجۋە قىلساڭ، يەنە بىر غەيرەتلىك كىشى چى-
قىپ سېنى يەرگە ئۇرۇپ ئىنتىقام ئالىدۇ. مەرسىيە، تەۋھىد،
نەئىتلەردە قانچىلىك كۈچۈڭ يەتسە شۇنىچە مۇبالىغە قىلساڭ
راۋادۇر. ئەي شائىر، يەنە شېئىرىڭدا يالغاننى سۆزلىمە. گەرچە
شېئىردا مۇبالىغە ۋە يالغان سەنئەت بولسىمۇ، لېكىن ئۆلچەمگە
لايىق بولۇشى كېرەك. دوستلىرىڭ ۋە مەھبۇبىڭ ھەققىدە
مەرسىيە ئېيتىشنى ئۆز مەجبۇرىيىتىم دەپ بىلگىن، خەلق سېنىڭ
دوستلۇقىڭغا رىغبەتلىنىدۇ. غەزەل ۋە مەرسىيە ئېيتساڭ مەلۇم
ئۇسلۇبتا ئېيتقايسەن. مەدھىيە ۋە ھەجۋىنى بىر ئۇسلۇبتا ئېيت-
مىغايسەن. يەنى غەزەل ۋە مەرسىيەلەر بىر - بىرىنىڭ ئەك-
سىدۇر. مەدھىيە ۋە ھەجۋە ھەم بىر - بىرىنىڭ ئەكسىدۇر. مە-
سىلەن، بىر كىشى ھايات ئىكەن، ئۇنىڭ ھۆسنىنىڭ كامال تاپقان-
لىقىنى مەدھىيىلىسەڭ، ۋاپاتىدىن كېيىن ئېيتقايسەن. ئەگەر كوڭۈللەر-
گە ئەسەرلىك سۆزلەرنى شېئىرىڭدا ئىشلەتمەكچى ئىكەنسەن، ئۆز سۆ-
زۈڭنى ئىشلەتكىن، باشقا شائىرلارنىڭ سۆزىنى قەرز ئېلىپ
ئىشلەتمە. يەنى ھەر بىر سۆزنى ئۆز پىكرىڭدىن چىقىرىپ سۆز-
لىگىن. باشقا ئەدىپ - شائىرلارنىڭ سۆزىنى ئوغرىلىما. چۈنكى،
باشقىلارنىڭ سۆزىدىن سۆز، مەزمۇن ئالماي ئادەتلەنسەڭ، تەبى-
ئىتىڭ كۈشادە، زېھنىڭ ئۈستۈن بولىدۇ، سۆز مەيدانى ساڭا
كەڭ بولىدۇ. ھەرقاچان ۋەزىنلىك، سەنئەتلىك شېئىر ئېيتىشقا قۇدرەت
تاپساڭ، ھەر لۇغەت (تىل) نىڭ مەنىلىرىنى بىلىپ، مەقسەتىڭدەك
ئورۇنغا كەلتۈرۈپ ئىشلەت. ئەگەر بىر تىلنىڭ مەنىسىنى ئېنىق
بىلمەي تۇرۇپ ئۆزەڭچە بىرنىمىگە بېغىشلاپ ئىشلەتسەڭ، ئۇ-
نىڭ مەنىسى باشقا بولسا، خەلق ۋە ئەدىپ - شائىرلار ئىچى-
دە سېنىڭ ئورنۇڭ ۋە قەدىر - قىممىتىڭ قالمايدۇ. شېئىردا
پەن، سەنئەتلەرنى ئىشلىتىشكە قادىر بولساڭ، ئىلمىي ئەرۇز بەھ-
رىلىرى ۋە ۋەزىنلىرىنى تولۇق بىلىشىڭ تەلەپ قىلىنىدۇ. شېئىردا

يات سوز، مەزمۇنلارنى ئاڭلىساڭ، ساڭا ئۇ خۇش كەلسە ۋە شۇ سوز، مەزمۇنلارنى ئىشلەتمەكچى بولساڭ، ئۇز ئەينى بىلەن ئىشلەتمە. ئۇنىڭغا باشقا سۈرەت، شەكىل بېرىپ ئىشلىتىشىڭ لازىم. باشقىلارنىڭ سوزى ئىكەنلىكى مەلۇم بولمىسۇن. مەسىلەن، بىر مەزمۇننى مەدھىيەدە كورسەتسەڭ، ئۇنى ھەجۋىدە كەلتۈرگىن. ھەجۋىدە ئاڭلىغاننى مەدھىيەدە كەلتۈرگىن. غەزەللىرىڭدىكىنى مەرسىيەدە، مەرسىيەڭدىكى مەزمۇننى غەزەلدە ئىشلەتكىن.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر بىر كىشىنى مەدھىيەلەشكە بارساڭ، ئەسكى كىيىم بىلەن بارما. يۈزۈڭ ئوچۇق، كىيىملىرىڭ پاكىز، خاتىرىڭ خوش بولسۇن، تاكى ئۇ يەردە خوشاللىق بەخش بولغاي. ئەگەر مەدھىيە ئوقۇشقا باشلىساڭ، رىيا قىلغۇچىلار ھالىتىدە بولما. سوزلەيدىغان سوزلىرىڭ يادلانغان بولۇش بىلەن بىللە مەدھىيە مەجلىسىدە ھىكايەت ئورنىدا سوزلىگەيسەن.

## يىگىرمە يەتتىنچى باپ. مۇزىكىچى ۋە غەزەلخانلارنىڭ قائىدىلىرى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ئەگەر مۇزىكىچى ۋە ناخشىچىلىقنى ھەۋەس قىلىپ ئۈگەنسەڭ، خۇش خۇلۇق ۋە خۇش تەبىئەتلىك بولغايسەن. دائىم تاتلىق سوزلۈك بولغايسەن. مۇزىكىچى ۋە ناخشىچىلار گەرچە ئەر بولسىمۇ، ئەمما بارلىق ھەركەتلىرى ”زەنانە“ (ئاياللارچە سىلىق - مۇلايىم) بولۇش كېرەك. نەغمە سوھبەتىگە كىرسەڭ يەڭگىل - لەرزان ئاۋاز بىلەن، يەنى يەڭگىل كۈي بىلەن باشلا. ئەگەر ئېغىر كۈيلۈك بولسا، مەجلىستە ئولتۇرغانلارنىڭ تەبىئتى - مىجەزى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىرىگە خوشى كەلسە، يەنە بىرىگە خوشى كەلمەيدۇ. مۇزىكا ئۇستازلىرى بۇ جەھەتتە بىر تەرتىپ بەلگىلىگەن: تۈرلۈك تەبىئەتتىكى ئادەملەر بىر يەرگە يىغىلسا، ھەممىسىگە خوش كەلسۇن ئۈچۈن دەسلەپتە

چېلىنىدىغان ساز خۇسرۇۋانە (شاھانە) يېنىك - لەرزان پەدىدە ئىجات قىلىنغان ئىدى. كېيىنرەك يېنىك ۋە ئېغىر پەدىلەر ئىجات قىلىندى. بۇ پەدىلەر ھەر كىشىنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق كەلگەن. يەنە مۇزىكىدا ئالىملىرى شېئىر لىتاپەتلىك (نازۇك - لىرىك مەزمۇنلۇق) ۋە ۋەزنى يېنىك، زىل ئاۋازلىق بىر كۈي كەشىپ قىلدى. ئۇنى "كوكۇل ئاچقۇچى" دەپ ئاتىدى. يەنە بىر كۈينى قېرى كىشىلەر ئۈچۈن ئىجات قىلىپ، ئۇنىڭغا "ئاھ" دەپ ئات قويدى. بۇ كۈينى قېرىلار ۋە دىلى تەسىرلىك، پىغانلىق ئادەملەر ياخشى كۆرۈپ ئاڭلايدۇ. يەنە توردىكى ھەممە ئادەم قېرى ۋە دىلى تەسىرلىك ئەمەس. شۇڭا، يىگىتلەر ئۈچۈن بىر كۈي كەشىپ قىلدى. بۇ كۈيگە شېئىرلىرى يېنىك ۋەزىنلىك مۇقام تەييارلاپ، "يېنىك مۇقام" دەپ ئات قويدى. ھەر بىر كۈي مۇقامدىن كېيىن يېنىك كۈي، يەنى تەرز (تەز)، سىلىق كۈينى چېلىش لازىم. شۇنداق ئوينالغان مۇزىكا ۋە ئېيتىلغان ناخشىلار قېرىلار ۋە يىگىتلەرگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. كىچىك بالىلار ۋە ئاياللارغا يېنىك - نازۇكراق، لەرزان كۈينى چېلىش بىلەن بىر ئاز ئويۇن - چاقچاق، قىزىق ناخشىلارنى ئېيتىشنى ئىجات قىلدى. چۈنكى بالىلار ۋە ئاياللارنىڭ تەبىئىتى شۇنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ھوزۇرلۇق ھاسىل قىلىدۇ. مۇزىكىچى، ناخشىچى بىر سوھبەت (ئولتۇرۇش) قا كىرسە، بىر ئېغىز ئاھاڭ ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يېنىك ئاھاڭنى ئورۇنلاش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ھال بىر كۈينى ئورۇنلاش لازىم. مۇنداق ئوينالسا، قېرىلار، ياشلار بەھرىمەن بولىدۇ. ئەمما بۇ ئاھاڭلاردىن بالىلار ۋە ياش قىزلار راھەت - لەززەتلىنەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى تۇۋەن، پەس ئاجىزدۇر. ياش بالىلار ۋە ياش قىزلار ئۈچۈن ئۇستازلار يېنىك كۈي، ئاستا ئاۋازلىق كۈيلەرنى ئىجات قىلغان.

ئەي ئوغۇل، مۇزىكا ئۇسۇلى ۋە چالغۇ ئويۇنلىرىدىن ھەم خەۋەردار بولۇشۇڭ كېرەك. چۈنكى، تۈرلۈك مىللەت كىشىلىرى

ۋە تۆرلۈك تەبىقىلەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرى، يىغىلىشلىرىغا كىرسەڭ،
سېنىڭ نەغمەڭدىن ھەممە ئادەم بەھرىمەن بولسۇن. مۇزىكا ـ
نەغمە ئارىسىدا قىسقا ھېكايىلەرنى سۆزلەشنى ئۆگىنىپ، ھېكا-
يەتلەرنى يادلاپ ئالغايسەن. مۇزىكا چېلىپ چارچىغاندا ھېكايە
سۆزلەش بىلەن بىرئاز راھەتلىنىسەن. ناخشا، شېئىر ئېيتىشلاردا
ئۆزەڭنىڭ شېئىرى بولسا، يالغۇز ئۆز شېئىرىڭنى ئېيتىشقىلا مەش-
غۇل بولما. باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرىنىمۇ ئېيتىشىڭ كېرەك.
چۈنكى، ئۆز شېئىرىڭ ئۆزەڭگە خوش كەلگەن بىلەن باشقىلارغا
خوش كەلمەيدۇ. مۇنداق ھالەتتە مەجلىس (ئولتۇرۇش) ئەھلىگە
ئېغىر كېلىسەن. ئەگەر دامكا ـ شاخمات ئويۇنلىرىنى بىلسەڭ،
مەجلىستە بەزى كىشىلەر دامكا ـ شاخمات بىلەن مەشغۇل بولسا،
سەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ سازىڭنى قويۇپ دامكا ـ شاخمات ئوي-
ناشقا قاتناش. چۈنكى، سېنى ئولتۇرۇشقا قاتناشقانلار ۋە سا-
ھىبخان سازەندىلىككە تەكلىپ قىلغان، قىمارۋازلىققا چاقىرغان
ئەمەس. مۇزىكىدىن بىلگەنلىرىڭنى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە دىققەت
قىلمايلا مەجلىستە ئوتتۇرىغا قويۇۋەرمە. خەلققە ياقماي سوغاقچى-
لىق ۋە لەززەتسىزلىك كېلىپ چىقىشتىن ساقلان. ھەرقانداق
شېئىر ـ غەزەل ئۆگەنسەڭ، ۋەزنىسىز ۋە ئۇسۇلسىز (ئەسلىسىز)
ئۆگەنمە. تىلىڭنى، ئاۋازىڭنى سازىڭغا تەڭكەش قىلىپ ئېيت-
قايسەن. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، سازەندىنىڭ قولى
بىر تەرەپتە، ئاغزى بىر تەرەپتە بولۇپ قالماسلىق كېرەك. ئە-
گەر دىققەت قىلماي ياكى بىلمەي قولى بىر تەرەپتە، ئاغزى بىر
تەرەپتە ساز چېلىپ ـ ناخشا ئېيتىلسا، سازەندە ۋە ناخشىچى
ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەيىپ بولمايدۇ. ھەر بىر مەنادا ساز
ۋە ناخشا ئېيتىشىڭ لازىم. مەسىلەن، بەزىدە گۈزەللەرنىڭ ھۆس-
نى ـ خۇلقىغا ئائىت شېئىر بىلەن ناخشا ئېيتساڭ، بەزىدە مەھبۇپ
ۋىسالىغا ئۈمىت باغلاش شېئىرىنى، بەزىدە پىراق، جۇدالىق ھەق-
قىدە، بەزىدە مەھبۇپنىڭ ۋاپاسىغا ئائىت شېئىرىنى، بەزىدە مەھ-
بۇپ ـ گۈزەللەرنىڭ جاپاسىنى كۆيلەيدىغان شېئىر ـ بېيىتلەرنى

كەلتۈرگەيسەن. سىنىڭ سوھبەت، مۇزىكا، ناخشا مەجلىسىڭگە
قاتناشقانلار تەسىرات ئالسۇن. بەزىدە پۈرقەتنامە (جۇدالىق)،
بەزىدە مەھبۇپ ۋىسالىغا يېتىشتىن خوش خەۋەر، بەزىدە ئىتاپ
(كايىشلىق)، رەت قىلىش، بەزىدە قوبۇل قىلىش، خوشاللىق
ۋە بەزىدە شىكايەتلەر مەزمۇن قىلىنغان شېئىرلارنى ئوقۇشۇڭ
كېرەك، شۇنداق شېئىرلارنى يادلاپ ئېلىشىڭ زورۇر. ھەرقايسىسىنى
ۋاقتىدا تاراپ ئوقۇغايسەن. يەنە ھەرقايسى پەسىلدە نىمە ئو-
قۇش كېرەك ۋە قانداق مۇزىكا چېلىنىش كېرەك؟ بىلىۋېلىشىڭ
لازىم. مەسىلەن، ياز ۋاقتىدا يازغا مۇناسىپ شېئىر ئېيتىش كېرەك.
ئولتۇرۇشقا قاتناشقان ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق ۋە يىل،
مەۋسۇم - پەسىللەرگە مۇۋاپىق شېئىرلارنى ئېيتمىساڭ، شۇنداق مۇ-
زىكا چالمىساڭ ھەرقانچە ئۇستا بولساڭمۇ خەلىققە لايىقلاشمىغان-
لىقىڭ ئۈچۈن ماھىر مۇزىكانت ۋە ماھىر ناخشىچىلىق دائىرىسىدىن
چىقىپ كەتكەن بولىسەن. ھەرقانداق سوھبەت - ئولتۇرۇشقا بار-
ساڭ مەجلىس ئەھلىگە دىققەت قىل. ئەگەر مەجلىستە ئالاھىدە
ئادەملەر بولۇپ، مۇزىكا ۋە مۇقامدىن خەۋەردار كىشىلەر بولسا،
خۇش ناۋا ۋە يېقىملىق ئاھاڭ، تەرتىپلىك مۇقاملارنى ئېيتىش
زورۇر. ئەگەر ئاۋام (ئامما) ۋە تۈرلۈك ئادەملەر بولسا، ھەز-
لىيات (ئويۇن - كۈلكىلىك) ۋە گۈزەللىك، مەي - ئىچكۈلۈك
توغرىسىدىكى شېئىر - بېيىتلەرنى ئوقۇپ، مەجلىس ئەھلىنىڭ تە-
بىئىتىگە مۇناسىپ ھوزۇر - پەيز بەخش ئېتىشىڭ كېرەك. لېكىن
ئەدەپ - ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقماسلىق كېرەك. ئەگەر ئۇ
مەجلىستە ئەمەلدار، ھەربى، سىياسى ئادەملەر بولسا، رۇبائىلار
ۋە باتۇرلۇققا دالالەت قىلىدىغان شېئىر - بېيىتلارنى ئىجرا قىلىش
لازىم. شاراپ - ئىچكۈلۈك مەجلىسلىرىگە بارمىغايسەن، مۇبادا!
ئىلاج يوقلۇقتىن بېرىپ قالساڭ، مەجلىس ئەھلى مەس بولسا،
ھەر بىرسىنىڭ تەبىئىتىنى - بىلىپ، مۇناسىپ - مۇۋاپىق سوزلىگەيسەن.
چۈنكى، ئۇ مەسلەر ھاياسىزلىق قىلىپ سېنى شەرمەندە قىلمىغاي.
دىمەك، مۇترىپ - مۇزىكانت، ناخشىچىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ماھارى-

تى مەجلىس ئەھلىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ تەبىتىنى بىلىپ، ساپا (خوشاللىق - پەيز) بەخش ئېيتىشتۇر. مۇزىكانت، ناخشىچى مەجلىس - ئولتۇرۇشلاردا بولغاندا ھاراق - شاراپ ئىچمەسلىك لازىم. چۈنكى، ئۇنىڭ مەجلىس - سوھبەت ئولتۇرۇشلارغا تەكلىپ قىلىنىشى ئۆز ھۆرمىتىنى ساقلاپ، مەجلىس ئەھلىنى خوشال قىلىپ، خەلق ئارىسىدا نام - ئابروي قازىنىشقا سەۋەپتۇر، ھاراق - شاراپ ئىچىشكە چاقىرىلغان ئەمەس. ئەگەر مەجلىس ئەھلىنى خوشال قىلىپ پەيز - ساپا بەخش قىلالمىسا (شاراپ ئىچىپ مەس بولۇۋېلىپ خەلقنىڭ كۆڭلىگە كۇدۇرەت - تۇتۇقلۇق ۋە رەنجىش پەيدا قىلسا)، ئاممىنىڭ نەزەر ئېتىۋارىدىن يىراقلىشىپ، كېرەكسىز ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر مەجلىستە بىرەر كىشى سىنى مۇزىكىدا مەدھىيىلىسە بۇنىڭغا كۆپ تاۋازۇ (كەمتەرلىك) كۆرسىتىپ، ئاما خالىغان نەغمە - مۇزىكا، كۈيلەرنى ئادا قىلمايسەن. سىنى كۆرمىگەن ئادەملەرمۇ ساڭا رەھمەت ئېيتىپ ھۆرمەت - ئابرويۇڭ تارتىدۇ. ئەگەر سىنىڭ نەغمە - مۇزىكىلىرىڭنى مەس ئادەملەر مەنسىتمەي، ياراتماي ۋاقىراشسا، ئېغىرلىق - سالماقلىق بىلەن سەۋرى قىلمايسەن. خاپا بولمايسەن. مۇزىكانتنىڭ بىر ماھارىتى ئەقىلدىن ئازغان مەسلەرنىڭ جەۋرى - جاپاسىغا سەۋرى قىلىش. يەنە بىر ماھارىتى شۇكى، مۇزىكانت ۋە ناخشىچىلار "گاس، كور ۋە تىلسىز بولغاي". مەجلىس، ئولتۇرۇشلاردا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى تاشقىرى چىقىپ سۆزلەپ يۈرمىگەي. بۇ خىل خۇسۇسىيەتلىك مۇزىكانت، ناخشىچى ھەممە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قوبۇللۇق ۋە مەدھىيىلەشكە سازاۋەر بولىدۇ.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باپ. دىخانچىلىق ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، دىخان بولساڭ، دىخانچىلىق ئىشلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىلمى - سانائەتلىرىنى بىلىشىڭ لازىم. جۈملىدىن دىخانچى-

لىقنىڭ پەسلى ـ ۋاقتىنى ياخشى بىلىشنىڭ زورۇر. ھەر نەرسە تېرىدىسانىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزمە، كېيىنگە سۈرمە. زىرائەتنى ئون كۈن ئىلگىرى تېرىغىنىڭ ياخشى. ھەرقاچان دېخانچىلىق سايمانلىرى — سوقا (بوقۇسا) ـ ساپانلىرىڭ ياراملىق، تۈزۈك بولسۇن. ئات، ئۇـ كۈزلىرىڭنى ياخشى ئاسرىغىن. سېمىز، ئوبدان باقىن، ئىشقا ياـ راملىق بولسۇن. ئات، ئۇكۈزلىرىڭگە بوغۇز بېرىپ باقىن ھەمـ دە ئات، ئۇكۈزلەرنىڭمۇ ياخشىسىنى ئال. ھەرقاچان ئىككى ـ ئۈچ ئات ياكى ئۇكۈزۈڭ ھازىر تۇرسۇن. يەم ـ خەشەك، بوغۇزـ لىرىنى مول، توق بېرىپ باقىن. مۇبادا كۈتۈلمىگەندە بىرى ئاغرىپ قالسا، يەنە بىرىنى ئىشلەتكەيسەن. دېخانچىلىققا كېرەك بولىدىغان بارلىق نەرسىلىرىڭ ئامبىرىڭدا نەق ـ تەييار تۇرسۇن. دېخانچىلىق پەسلى — تېرىقچىلىق ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە تەييارـ لىقسىز تەمترەپ قالما، دېخانچىلىق ئىشلىرىڭ ئارقىدا قالمىسۇن. بۇ يىلقى دېخانچىلىق ئىشلىرىڭنى ئىشلەپ بولساڭ، يازلىق، كۈزلۈك مەھسۇلاتلىرىڭنى يىغىپ بولساڭ، ۋاقتىنى بوش كەتكۈزـ مەي كېلەر يىللىق دېخانچىلىق ئۈچۈن يەر، ئۇزۇق ۋە ئەسـ ۋاپلارنى تەييارلاشقا كىرىشكەيسەن، يەرنى تۈزلەپ تېرىغايسەن. شۇندىلا زىرائەت تەكشى ئۈنۈپ، مەھسۇلات كوپ بولىدۇ. مولچىـ لىق بىلەن راھەت كورىسەن. ئومۇمەن دېخانچىلىق ئىشلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئويلاپ بىر ـ بىرىگە راۋان ئۇلاپ ئورۇنلاشتۇرغىن.

دېخان بولساڭ ياخشى ھويلارنى، سېيىرلارنى ئاسراپ بېقىشىڭ لازىم. ئەگەر دېخانچىلىق ئىشلىرىغا قوشۇپ كىيىم، دوپپا، تۇماق، ئاياق كىيىملىرىنى تىكىش ... قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىشنى خالىساڭ، ئوبدان ئۆگىنىپ تېز ئىشلەيدىغان، يېنىك قوللۇق، ساپ ـ پاك نىيەتلىك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تەلىۋى ـ ئارزۇسى بويىچە ئىشلەپ بەرگەيسەن. ياخشى ئىشلەپ بەرگىنىڭ ئۈچۈن خەلق سېنى مەدھىيىلىسۇن، ساڭا ئىش بۇيرۇغۇچىلار كوپ بولـ سۇن. ھەرقاچان خەلققە ئىشلەپ بەرگەن ئىشلىرىڭ ئەلا، ياخشى بولسۇن. ئىش ھەققىنى كوپ تەلەپ قىلىپ خەلقنى نەپرەتلەنـ

دۇرمە، خەلقنى ئۇزەڭدىن سەسكەندۇرمە. ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، ئىنساپ بىلەن ئىش ھەققى ئالساڭ، خېرىدارلىرىڭ كوپ، رىزقىڭ مول بولىدۇ. ئاز پايدا، ئاز ئىش ھەققىگە قانائەت قىلساڭ، خەلق سەن بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا خۇشتار بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ساڭا ئىش ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلغىن، ئوچۇق يۇزلۇك بولۇپ، خەلقنى قېرىنداشىم دەپ بىلگەن ھالدا مۇئامىلە قىلغىن، كەمتەر بول. خەلق بىلەن مۇئامىلىدە ساپ دىل، توغرا، ئىنساپلىق بولۇپ ھەرگىز يالغان سوزلىمە، بېخىللىق، تەكەببۇرلۇق قىلما. باشقىلار سەندىن ھۇنەر ئۇگىنىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇگىتىپ قوي، دېخانچىلىق ئىلمى ۋە ھۇنەر-سەنئەتتە سەندىن ئۇستۇن بولغان كىشىلەرگە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ تاۋازۇ كورسەت، ئۇگىنىۋېلىشقا ئىجتىھات قىل، تەكەببۇرلۇق قىلما. ئاجىز، غېرىپلارغا ياخشىلىق كورسەت، ئۇلاردىن پايدا ئالىمەن دېمە. ئوز ۋەتىنىڭگە، ھوكۇمىتىڭگە خائىنلىق قىلما. ئەمەلدارلار ـ ھەربىي مەنسەپدارلار ۋە ئەسكەرلەرگە ئارىلاشما. جامائەت ۋە ئەھلى ـ ئايالىڭغا بىر نىيەتلىك، بىر كوڭۇللۇك مۇئامىلە قىل، ئىككى كوڭۇللۇك بولما. يولداشلىرىڭغا خىيانەت، ساختىلىق قىلما. رىيا سوزلەش① تىن ساقلانغىن. يالغان ئىشلار ئۇچۇن قەسەميات قىلما. ئىككى يۇزلىمىلىك، مۇناپىقلىقتىن ھەزەر قىل. ھەرقاچان بىر دىللىق ـ بىر تىللىق (دىلىڭدا نىمە بولسا، تىلىڭدا شۇنى سوزلە). كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بىر خىل، ئارقىسىدا بىر خىل بولما. ئېلىم ـ بېرىم مۇئامىلىسىدە قاتتىقلىق قىلما. ئەگەر بىر كەمبەغەل ئادەم ساڭا قەرزدار بولۇپ قالسا، ئۇنى قىستاپ، قورقىتىپ تەلەپ قىلما. قاتتىق ـ ئاچچىق سوز قىلىپ كوڭلىنى رەنجىتمە. ھەركىم بۇ پەزىلەتلەرگە رىئايە قىلسا، خەلق ئارىسىدا ھورمەتلىك بولغاي.

---

① رىيا سوز — دىلىدا باشقا نىيەتلىك بولسىمۇ، ئاغزىدا يالغانچىلىق قىلىپ، كىشىلەرنى ماختاش، قىلالمايدىغان ئىشنى قىلىمەن، دەپ يالغان ۋەدە قىلىش.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باپ. جاۋانمەرتلىك ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، جاۋانمەرتلىك دىگەن نىمە؟ ئادەمدە ئۈچ سۈپەت بولىدۇ، جاۋانمەرتلىك شۇ سۈپەتلەردىن تۇغۇلىدۇ. بارلىق خەلىق شۇ سۈپەتلەر بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ، ماختىنىدۇ. ھەر بىر ئادەمدە بۇ ئۈچ سۈپەت بولسىمۇ، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلار ئاز تېپىلىدۇ. بۇ سۈپەتلەر: 1) ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت؛ 2) توغرىلىق ۋە راستلىق؛ 3) مۇرۇۋۋەتلىك. بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ سەرمايىسى ۋە ئۇلۇغى ئەقىلدۇر. ھەممە ئادەم دەئۋا قىلىدۇكى، بۇ ئۈچ سۈپەت مەندە بار، دەپ ئەمما ھەقىقەت نەزىرى بىلەن قارىساڭ، ئەمەلىيەتتە ئۈچ سۈپەت ھەركىمدە ئوز ھالىغا يارىشا بولسىمۇ، لېكىن، بەزىسى ئۇنى پۈتۈن ئىجرا قىلىشقا قادىر، بەزىسى پۈتۈن ئىجرا قىلىشقا قادىر ئەمەس، ئۇنىڭغا خىلاپ ھەركەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ ھىكمىتى شۇكى، تەڭرى ئادەم بەدىنىنى بىر مەجمۇئە (يىغىندا) غا ئوخشاش يارىتىپ، جاھاندا كورۇنگەن تۆرلۈك نەرسىلەرنى ئادەم ئەۋلادىنىڭ بەدىنىدە پەيدا قىلغان. ئۇنىڭغا قارىتا ئىنسانىنى "ئومۇمى ئالەم" دىيىشكە بولىدۇ، ئالەمنىڭ بىر قىسمى دىيىشكىمۇ بولىدۇ. كورمەمسەنكى، ئالەمدە نىمە بولسا، ئادەمدە شۇ نەرسىلەر بار: ئالەمدە بولغان تەبىئەت ماددىلىرى، مەسىلەن، ئىسسىق، سوغاق، قۇرۇق، ھوللۇك ئادەملەر بار. يەنە ئادەم ئاسمانغا ئوخشاش بىر ھالىدىن يەنە بىر ھالغا ئۆزگىرىدۇ. ئاسماندا يۇلتۇزلار بولسا، ئادەمدىمۇ يۇلتۇزغا ئوخشاش ئىككى كوز بار. "ئاناسىرئەربەئە"، يەنى سۇ، ئوت، شامال، تۇپراق ماددىلىرىمۇ ئادەمدە بار. بۇ ماددىلارنىڭ تەسىرى بولغان سەپرا، بەلغەم، قان، سەۋدا ئېلېمېنتلىرى بار. سوزنىڭ قىسقىسى ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ماددىسى ئادەمنىڭ سۈرىتى، ھاياتى زاتى، ئەقلى — بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئوز ئورنىدا بىر ئالەمدۇر. ئادەمنىڭ تۇ-

زۇلۇشى بۇ ئالەملەردىن بىرىكىپ بەرپا بولغان. ئەمما تەگرى بۇ
بارلىق ۋۇجۇتنى بىر-بىرىگە باغلىق قىلدى، بىر-بىرىدىن ئايرىل-
مايدىغان ۋە ئايرىلسا ئىنساننىڭ هاياتى بەرپا بولمايدىغان قىل-
دى. كورۇپ تۇرۇپسەنكى، بۇلارنىڭ هەر بىرى ئايرىم-ئايرىم جەۋ-
هەر ۋە باشقا تەبىەتتۇر. ئەمما، بۇلار جىنسىيەت بىلەن بىر-بىرىگە
باغلىقتۇر. بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشىلىغى ياكى مۇناسىۋەتسىز
ئىكەنلىگى بىلىنمەيدۇ. مەسىلەن، ئوت — سۇ بىلەن قارىمۇ-قار-
شى ماددىدۇر، هاۋا (شامال) تۇپراق بىلەن قارىمۇ-قارشىدۇر.
ئۇنىڭ تەبىەتتىكى ئورنىمۇ شۇنداق. ئوت — ئىسسىق ۋە قۇرۇق-
تۇر، يەنى قۇرۇق ئىسسىقتۇر. سۇ — هول سوغاقتۇر. هاۋا (شامال)
ئىسسىق هولدۇر. تۇپراق — سوغاق قۇرۇقتۇر. تەگرى بۇ بىر-
بىرىگە قارىمۇ-قارشى تۆت نەرسىنى بىر يەرگە توپلاپ، ئۇ-
نىڭدىن تەبىەت تۈزمەكنى ئىرادە قىلىپ، تۇپراقنى ئوت بىلەن
سۇنىڭ ئارىلىغىدا ۋاستە قىلدى. قۇرۇقلۇق سەۋىۋى بىلەن ئوتقا
مايىل بولۇپ، سوغاقلىق سەۋىۋى بىلەن سۇغا مايىل بولۇپ،
تۇپراق ۋاستىسى بىلەن بىر-بىرىگە باغلىنىش هاسىل قىلدى.
بۇلار پەلەككە ئۇلىشىپ مۇناسىۋەت هاسىل قىلدى. تۇپراق — قۇ-
رۇقلۇغى بىلەن ئوتقا، سوغاقلىغى بىلەن سۇغا باغلانىدى. سۇ —
سوغاقلىغى بىلەن تۇپراققا، هوللۇگى بىلەن هاۋاغا باغلانىدى.
هاۋا — هوللۇگى بىلەن سۇغا، ئىسسىقلىغى بىلەن ئوتقا باغلاندى.
ئوت — ئەسلى ماددىسىنىڭ يېنىكلىگى بىلەن قۇياشقا باغلانىدى.
قۇياش — يۇلتۇزلار ۋە پەلەكلەرنىڭ پادىشاهىدۇر. قۇياش يۇك-
سەك ساپلىغى بىلەن نۇرغا باغلانىدى. چۈنكى، قۇياش تۆت
ئېلېمېنتتىن بولماي، مۇستەقىل بىر ماددىدۇر. قۇياشنى بەشىنچى
بىر "ئۇنسۇر" دېيىلىدۇ. ئۇ، بىر جەۋهەرگە باغلاندى. جەۋهەر —
سۇرەتكە، سۇرەت — نەپىس (شەيئىنىڭ زاتى) غا ۋە نەپىس —
ئەقىلغە باغلاندى. بۇلارنىڭ هەممىسى تەبىەتلەرگە ۋە تەبىەتلەر
ماددىغا، ماددا قۇۋۋەتكە، قۇۋۋەت غىزاغا (ئوزۇقلۇققا) باغلىنىپ،
ئىلاهى قۇدرەتنى بىلەن بىر-بىرىگە باغلىق بولدى. ئەگەر تە-

بەت بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇشى سەۋەپلىك ماددا ئۇزۇق-
لۇقتىن قۇۋۋەت ئالمىسا، ھەممىسىگە نۇقسان (يىمىرىلىش) كېلىپ،
ھالاك بولۇشىغا سەۋەپ بولاتتى. بۇ باغلىنىشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە
يېتىشىپ تۇرۇشلىرى بىلەن قۇۋۋەت، مۇستەھكەملىكلىرىگە غىزا
(ئۇزۇق) ھاسىل بولدى. شۇنداقلا بەدەن ئۇزۇقتىن، ئۇزۇقلىنىش
ماددىدىن، ماددا تەبىئەتلەردىن، تەبىئەتلەر پەلەك (ئاسمان جىسىم-
لىرى) دىن ۋە ئاسمان جىسىملىرى ھەر بىر شەيئىنىڭ جەۋھىرى-
دىن، جەۋھەر نەپىس (زات) تىن، نەپىس ئەقىلدىن ئۇزۇقلىنىپ
قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل، بۇ بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تەۋەلىرى بولۇپ، ئۇز مۇناسىۋىتىدىكى باغلىنىشتىن باشقىغا تەۋە بولمايدۇ ۋە مۇۋاپىقلاشمايدۇ. مەسىلەن، ئادەم قىياپىتىدىكى ئاقلىق ۋە قارالىق ئېلېمېنتلارنىڭ بىرىگە تەئەللۇق بولۇپ شۇنىڭ تەسىرىدۇر. ئادەمدىكى سۈرەت ۋە ھايات، قۇۋۋەت ۋە ھەركەت پەلەكتىن يىغىلىدۇ. يەنە "بەش تۈرلۈك قۇۋۋەت": 1) كورۇش؛ 2) سې-زىش ـ ئاڭلاش؛ 3) تېتىش؛ 4) پۇراش؛ 5) تۇتۇپ ـ سىلاپ تۇيغۇ ھاسىل قىلىش — ھىسسىي ئەزالىرىنىڭ كۈچىدۇر. بىر ئادەم-نىڭ بەدىنىدىكى ھىسسىي قۇۋۋەت — سېزىش بىر كۈچكى، تاشقى جەھەتتىن بىر نەرسە ئاشكارا بولسا، تۇيۇپ، سېزىپ دەرھال ئەقىلغا خەۋەر بېرىدۇ، ئەقىل — كوڭۈلگە خەۋەر بېرىدۇ، كو-ڭۈل — جانغا خەۋەر بېرىدۇ. جان خەۋەر ئېلىش بىلەن پۈتۈن بەدەن ئەزالىرى خەۋەردار بولىدۇ. بۇ بەش قۇۋۋەت — "تاشقى بەش ئۇچۇق قۇۋۋەت" دەپ ئاتىلىدۇ. ئېغىزغا بىرنەرسىنى ئېلىپ چايناپ، ئاچچىق، چۈچۈك، تاتلىق تەمىنى بىلىش قۇۋۋى-تى — بۇ ھىسسىي قۇۋۋەتلەر جەۋھەردىن يىغىلىدۇ دېيىلىدۇ. جەۋ-ھەر بىلەن سۈرەت (شەيئىنىڭ شەكلى) مەسىلىسىدە ھوكۇما (پەي-لاسوفلار) ئىختىلاپ قىلىشقان ئىدى. بەزىلىرى: جەۋھەر ۋە سۈ-رەت ھامان بىر جەۋھەردۇر، باشقا ماددا ئەمەس، دەيدۇ. بەز-لىرى: تەتقىق قىلغان ۋە ھەقىقى ھالىنى بىلگەنكى، جەۋھەر ھەر

بىر جانلىق بولغان سۈرەتتە بولىدۇ، دەيدۇ. يەنى بىرنەرسە-
نىڭ ھاياتى بار ئىكەن، ئۇنىڭ جەۋھىرى (ماددىسى) بار، قا-
چانكى ئۇ ئۇلسە جەۋھەر سۈرەتتىن ئايرىلىدۇ دەيدۇ. بۇنىڭ-
دىن مەلۇم بولدىكى، جەۋھەر سۈرەتنىڭ زىننىتىدۇر. قاچانكى
سۈرەت (شەكىل) بۇزۇلسا، جەۋھەر ئايرىلىدۇ، سۈرەتنىڭ رەنە-
قى قالمايدۇ (بۇ توغرىدا ئەھلى كالام تەرىپىدىن قىلىنغان
ئېتىرازلارنى ئاڭلىمايمىز). يۇقۇرىدا سوزلەنگەن تاشقى ھىسسى
قۇۋۋەتتىن باشقا يەنە بەش تۈرلۈك ھىسسىي روھانى بار. بۇ،
ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدىن بولۇپ، تاشقى مۇھىتتىن ئالغان
خەۋەرگە سۈرەت بېرىپ خەۋەر قىلىدۇ. ھىسسىي روھانى: 1) ھىس-
سىي مۇشتەرەك (ئورتاق ھىس)؛ 2) خىيال؛ 3) پىكىر؛ 4) ۋەھىم؛
5) خاتىرە كۈچى. بۇنىڭ بېشى نەپسىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئەم-
ما بۇ بارلىق سىپەتلەر ئەزىز ۋە ھورمەتلىك سىپەتلەردۇر. ھەر-
قانداق بولار - بولماس ئادەمدە بۇ سىپەتنىڭ ھەممىسى تېپىل-
مايدۇ. بىز بۇ باپنىڭ مۇقەددىمىسىدە (بېشىدا) بايان قىلغان
ئۈچ تۈرلۈك سىپەت — سېخىلىق، ئىلىم، ساداقەت ئەقلىدىن ھاسىل
بولىدۇ. ئەمما بۇ ئۈچ سىپەتنىڭ ئەڭ پېشىۋاسى - تاللانغىنى
مەرىپەتتۇر. چۈنكى، ئالى ئالەمدىن دەسلەپتە كامالەت ئەقىلغا
يېتىپ، ئادەمنىڭ بەدىنىگە كېلىدۇ. بەدەن جان بىلەن بەرپا
بولىدۇ. جان نەپس بىلەن، نەپس ئەقىل بىلەن بەرپا بولىدۇ.
بۇلار بىر - بىرىنىڭ بارلىقىغا دەلىل (ھوججەت) دۇر. يەنى
ھەركەت قىلغۇچى بىر جىسىمنى كورسەڭ، ئۇنىڭ جېنى بارلىقى-
غا دەلىلدۇر. ئەگەر سوزلىسە نەپس بارلىقىغا دەلىلدۇر ۋە ئۇ
نەپسنى ئېھتىيات - تەلەپ ۋاقتىدا مەنپەئەتنى جەلپ قىلىشقا
كەلتۈرسە، زىيانلىق نەرسىنى دەپئى قىلىشقا سالىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ
ئەقلى بارلىقىغا دەلىلدۇر. بۇنىڭغا كەلتۈرۈلگەن مىسال شۇكى،
مەجنۇن (ساراڭلار) نىڭ ئەقلى بولمىغىنى ئۈچۈن تەلىۋى ھەم
يوقتۇر.

ئەي ئوغۇل، سېخىلىق، ئىلىم ۋە ساداقەت تەبىي ھەر بىر ئا-

دەمدە مەۋجۇتتۇر. لېكىن، بەدەن بىلەن جان ئارىسىدا بىر ئىت-
لەت ھاسىل بولۇپ، بىرىدىن ـ بىرىگە ئۆتۈشىدىغان باغلىنىشلار
ئاجىزلىشىپ كەتسە، بەدەنگە جاندىن كېلىدىغان، مەقسەت بول-
غان نەرسە تولۇق يەتمەيدۇ. چۈنكى، مەجنۇنلۇق نەپىس بىلەن
جان ئارىسىدا پەردە بولۇپ، نەپىستىن جانغا تولۇق ماددا ھا-
سىل بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەپىس بىلەن ئەقىل ئارىسىدا
جاھالەت (بىلىمسىزلىك) قاراڭغۇلۇغى پەردە (توسالغۇ) بولسا،
ئەقىلدىن نەپىسكە ماددا يېتىشمەيدۇ. بۇ ھالدا پىكىر ـ تەدبىر
ۋە ساخاۋەت، ساداقەتتىن ھېچنەرسە ھاسىل بولمايدۇ. شۇنداق
ئىكەن، ھەقىقەتتە مەرىپەت (بىلىم) ۋە جاۋانمەرتلىك، مۇرۇۋۋەت،
ساداقەت ھېچ كىشىدە بولمايدۇ. لېكىن، سەقىقى پەيز بەخش
ئەتكۈچىدىن كەلگەن پەيز مەرىپەت يولى جاھالەت ئىللىتى
بىلەن باغلانسا جاننىڭ يۈزىدە پەردە ھاسىل بولىدۇ. ئەمما ھەر
بىر كىشى يەنىلا ئۈچ سۈپەت (ساخاۋەت، ئىلىم، ساداقەت) نىڭ
ئۆزىدە بارلىقىنى دەئۋا قىلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ۋۇجۇتقا
كەلتۈرەلمەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، سەن ئىجتىھات قىل، ئۇلارغا ئوخشاش مەئنا-
سىز بولما. ئىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلەرگە ئوخشاش مەئنى-
ئىگىسى بولغىل. يارىماس، ئوتمەس دەۋا قىلما ۋە ئالى ئالەم-
دىن يۈزلەنگەن ئىلىم نۇرىنىڭ يولىنى ئېچىشقا تىرىشقىن. ئالى
ئالەمدىن يۈزلەنگەن ئىلىم نۇرىنىڭ ئېچىلىشى ئوقۇش، ئىلىم
ئۆگىنىش، بىلمىگەننى بىلگەنلەردىن سوراپ بىلىش بىلەن بو-
لىدۇ. بۈيۈك ھوكۇمالار، پەيلاسوفلار جاۋانمەرتلىك، سېخىلىق
ۋە ساداقەت بىر مەنالىق، دەيدۇ. ئەمما ئېيتىلىشىدا ئايرىمدەك
بىلىنىدۇ. يەنە بۈيۈك ئالىملار: "ئادەمنىڭ بەدىنى مۇرۇۋۋەتتىن
ۋە ئادەمنىڭ جېنى ساداقەت ـ توغرىلىقتىن، مەرىپەت ھېسسىيا-
تىدىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئىچىدە ساپلىقتىن مەنا بار، ھەر
كىشىدە پۈتۈنلەي (تولۇق) بولمىغانلىقتىن، بىر گۇرۇھ كىشىلەرگە
تەن ۋە جان كىبرەك بولسا، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەملەرگە تەن

ۋە جان، ھسسىي ۋە مەنىۋى سۈپەتلەر نىسىپ بولغان. بەزى ئادەملەرگە تەنغىنا (گەۋدىلا) نىسىپ بولغان بولۇپ، ئۇ كورۇنۇپ يۈرگىنىلا ئەييار - ھىلىگەرلەر، ئوغرىلار، ھەربى ئەمەلدارلار، بازاردىكى ئىلىم - سىتىم قىلغۇچىلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئەكسىچە تەن ۋە جان نىسىپ بولغانلار ئاشكارا بولغان مائاردىتىن خەۋەردار بولدى. بۇ خىل ئادەملەر تەقۋادار، شەرىئەت شوئار ۋە سوپى - دەرۋىشلەردۇركى، خەلق ئۇلارنى "دىندار" ۋە "زاھىد"① لار دەپ ئاتايدۇ.

تەن ۋە جان ھەم ئۇچ ئۇلۇغ خىسلەتلىك سۈپەت نىسىپ بولغانلار ھوكۇما (پەيلاسوفلار - ئالىملار، پازىل — پەزىلەتلىك زاتلار) دۇر. خەلق ئۇلارنى ئۇلىما ۋە فۇزۇلا (ئالىملار، پەزىلەتلىك بۈيۈك كىشلەر) دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىر گۇرۇھتىكىلەرگە تەن ۋە جان ھەم ھسسىي خىسلەتلەر، مەنىۋى نىسىپ بولدى. ئۇلار روھانىلاردىن مالائىكە (پەرىشتىلەر) دۇر. ئىنسانلاردىن بولسا پەيغەمبەرلەر بولۇپ، ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئەڭ تاللانغانلىرىدۇر. ئەمدى كىمگە جاۋانمەرتلىك نىسىپ بولىدى ۋە جاۋانمەرتلىكنىڭ ئەسلىنى بىلدى؟

ئەي ئوغۇل. جاۋانمەرتلىكنىڭ ئەسلى ئۇچ نەرسە: بىرى، سېخىلىق. يەنى بىر ئىشقا كىرىشسەڭ ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشىڭ لازىم، بىر سوزنى سوزلىسەڭ ئۇنى ئەمەلدە ئاشۇرغايسەن. يەنە بىرى ساداقەت - توغرىلىقتۇر. ھەرقانداق شارائىتتا توغرا - راست سوزدىن بولەك (يالغان) سوزلىمىگەيسەن. يەنە بىرى، ھەر ئىشتا سەۋرىچان، بەرداشلىق، ئېغىرچىلىقنى كوتەرگۈچى بولۇشنى ئادەت قىلغايسەن. ھەرقانداق سۈپەت — سېنىڭ قەلبىڭگە تەئەللۇق بولغان بۇ ئۇچ سۈپەتتىن كەلگەن.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر سەن مېنىڭ شۇنچە بايانلارنى سوزلىگ-

---

① زاھىد — تەركىدۇنيا ئىبادەت قىلىش يولىدا جەمىيەتنىڭ لەززەت - راھىتىدىن كەچكۈچى.

ئىمدىن ئۇ ئىشلارنى بىر - بىردىن ئايرىپ بىلەلمىسەك، ساغا
تەپسىلى ھالدا يەنە بايان قىلاي. جاۋانمەرتلىكنىڭ سۈپەتلىرى
ناھايىتى كوپ، ھەممىسى بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ بولەكلىرىگە ئوخ-
شاشتۇر. بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ بولەكلىرىدىن بىرى شۈكى، (1)
ئىسراپخور، بەتخەج بولمىغايسەن. مال - مۈلكنى، پۇلنى خىراجەت
قىلغۇچىلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئوز ئورنىغا خىرا-
جەت قىلىدۇ. مۇنداق كىشى سېخى، يەنى جاۋانمەرتتۇر. يەنە
بىرى، ئورنىغا خىراجەت قىلمايدۇ. مۇنداق كىشى ئىسراپخوردۇر.
جاۋانمەرت ئادەم ئوز ئورنىغا خىراجەت قىلسا، ئۇ "سېخى"
دېيىلىدۇ. ئىسراپخور ئەگەر مىڭ ئاقچىنى ئورۇنسىز يەرگە بەرسە،
ھامان ئىسراپخور بولىدۇ. ئۇنى ھېچكىم "جاۋانمەرت" دېمەيدۇ.
چۈنكى، ئورۇنسىز يەرگە ئاقچا بېرىش روزا تۇتقان كىشىگە
سۇ بېرىشكە ئوخشاشتۇر. روزا تۇتقان كىشىگە سۇ بېرىش، ئۇنىڭ
روزىسىنى بۇزۇش گۇناھىغا ئىگە قىلسا، سۇ بەرگۈچى روزىنى
بۇزدۇرغان ئېغىر گۇناھقا ئىگە بولىدۇ. ھېچكىم ئۇنى
"ئۇسسىغان كىشىگە سۇ بېرىپتۇ، ياخشى ئىش
قىلىپتۇ" دېمەيدۇ. دانا ۋە ھوشيار ئۇلۇغ كىشىلەر ئالدىدا
شۇنداق ئادەمنى جاۋانمەرت، دەپ ئاتايدۇكى، ئۇنىڭ بىرقانچە
ھۈنەر - بىلىم، پەزىلەتلىرى بولۇش بىلەن يۇرەكلىك، مەردانە
بولىدۇ. ھەر ئىشتا سەۋرلىك - چىداملىق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇ-
چى، ئىپپەت - نومۇسلۇق (ئوزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغۇچى)،
قەلبى، كوڭلى ساپ بولىدۇ. ئوز پايدىسى ئۈچۈن باشقىلارغا
زىيان كەلتۈرۈشنى خالىمايدۇ. ھەتتا خەلقنىڭ ۋە دوستىنىڭ
پايدىسى، خاتىرى ئۈچۈن ئوزىنىڭ زىيىنىغا رازى بولىدۇ. ئە-
سىرلەرگە قول ئۇزاتمايدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋال-
مايدۇ، ئازار بەرمەيدۇ. ھەتتا دۈشمەنلىرىگىمۇ خەيرىخاھلىق
قىلىدۇ. زالىم - مۇستەبىت بىر مەزلۇم (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى) غا
زۇلۇم قىلسا، زالىمغا يول قويمايدۇ - قارشى تۇرىدۇ، سوزى
ۋە ئىشىدا توغرا بولىدۇ. ھالال - توغرا كەسىپ بىلەن ھايات

كەچۈرىدۇ. كىشىنىڭ ياخشىلىغىغا نىسبەتەن يامانلىق قىلمايدۇ. خوتۇنلارنىڭ سوز، قىلمىشلىرىنى ئەرلەر ئارىسىدا سوزلەشتىن نومۇس قىلىدۇ. ئەگەر ھەققانىيەت ئۈچۈن بېشىغا بالا - ھادىسە كەلسە راھەت بىلىدۇ.

قىسقىسى، ئۆزىدە سېخىلىق، ئىلىم، ساداقەت سۈپەتلىرىنىڭ خىسلەتلىرى تېپىلغان ئادەم جاۋانمەرت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەي ئوغۇل، شۇنىمۇ بىلگىنكى، ئۆزىنى "سوپى"، "دىن ئەھلى"، "ئەھلى تەقۋا"، "شەرىئەت ئىگىسى"، "دەرۋىش" دەپ ئاتىغانلارنىڭ جاۋانمەرتلىكى ئوغرىلاردىن، سىپاھلاردىن ۋە بازارچىلاردىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەڭرىدىن ئالغان نەسىبىسى "تەن" ۋە "جان" دۇر. ئۇلارنىڭ جاۋانمەرتلىكى شۇ بولۇشى كېرەككى، ئۆزىنى "زاھىد" (تەڭرىدىن باشقا دۇنيا راھەت - لەززەتلىرىدىن كەچكەن) دەپ سوزلىشىگە مۇۋاپىق بولۇپ، ھاياتىنى ئۆز گېپىگە لايىق ئوتكۈزسۇن. رىيادىن (كىشىلەرنى ئالداشتىن) يىراق بولسۇن، كىشىلەر بىلەن جەڭ - جېدەل قىلىشمىسۇن ۋە خەلىققە دىن ئىشلىرىدا دەخلى يەتكۈزمىسۇن، كىشىلەرگە ئۆز نەپسىنى دەپ ھەر خىل بولمىغۇر پەتىۋالارنى ئۈگەتمىسۇن. كىشىلەرگە زىيانلىق پەتىۋالارنى ئۈگىتىش — خەلىققە ياۋۇزلۇق (يامانلىق) قىلغانلىق بولىدۇ. ھېلىگەرلىك بىلەن يالغان قەسەم قىلمىسۇن، دىن مەسىلىلىرىنى توغرا - ھەقىقى بىلسە خەلىققە تاماسىز ئۈگەتسۇن، ئەمما دىنىنى دۇنياغا ساتمىسۇن. پاسىقنى پىسىق سەۋەۋى بىلەن مالامەت قىلمىسۇن. مەيلى گۇناھى بار، گۇناھى يوق بولسۇن، بىر كىشىنىڭ ئولتۇرۇلۇشىگە پەتىۋا - ھوكۇم چىقارمىسۇن، چۈنكى، چىقىرىلغان پەتىۋا - ھوكۇملەرنى تۈزىتىشكە بولىدۇ. ئەمما ئولۇمنى تۈزەتكىلى بولمايدۇ. ئۆز مەزھىبىنى (كوزقارىشىنى) قوللاپ كۈچەيتىش ئۈچۈن يەنە بىر مەزھەپنى ھاقارەتلەپ، باشقا مەزھەپ ئەھلىنى "كاپىر" دىمەسلىكى لازىم. چۈنكى، "كاپىر" دىمەك سەن ئىسلام

دىندا ئەمەس دېگەنلىكتۇر. قۇرئان كەرىمدە ياكى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ”مەزھىبى باشقا بولغانلارنىڭ دىنى باشقا“ (ئىسلام دىندا ئەمەس) دېگەن ھوججەت يوق. تەڭرىگە يېقىنلىشىش ۋە، رەھمىتى ئىلاھىيە ھەققىدە ئۆزى بىلمىگەن بىر ئىلمنى ئاڭلىسا ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ ئىنكار قىلمىسۇن. خەلقنى تەڭرى رەھمىتىدىن نائۈمىت (ئۈمىتسىز) قىلماسلىق لازىم. يەنى گۇناكارلارنى بەزىدە ئازاپ بىلەن قورقۇتسۇن، بەزىدە رەھمەت- مەغپىرەت بىلەن ئۈمىتۋار قىلسۇن. بۇ بايان قىلىنغان سۈپەتلەر مۇپتى- قازىلار ۋە ۋەز سۆزلىگۈچىلەر ئۆزىنى ئىشان- ھەزرەت دەپ يۈرگەنلەرنىڭ جاۋانمەرتلىكىدۇر. سوپىلارنىڭ ئەدەپ- ئەخلاقنى ئەبۇلقىسىمى «ئەدە بۇل رەسائىل» دېگەن كىتاۋىدا ۋە شەيىخ ھەسەن قۇددىسى «كىتاۋى ساپا» دېگەن كىتاۋىدا، شەيخ ئەبۇ مەنسۇر دەمەشقى «ئەرىمەتۇللا» دېگەن كىتاۋىدا، شەيخ ئەلى تەۋھىدى «كەشپۇلئايان» دېگەن كىتاۋىدا بايان قىلغان. سوپىلار ئەنە شۇ زاتلارنىڭ تەلىمىگە ۋە كورسەتكەن ئەدەپ- قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلسا، توغرا يولغا ماڭغان بولىدۇ، خۇدانىڭ ۋە ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقىغا ئېگە بولالايدۇ. سوپىلار ئىككى خىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىر خىلى ”خاس سوپىلار“ دۇر. يەنە بىر خىلى سوپىلار بىلەن ھەمسوھبەت بولغانلاردۇر.

ئەي ئوغۇل، سوپى، دەرۋىشلىك دېگەن نىمە؟ ئۇنى بىلىش كېرەك. دەرۋىش شۇنداق كىشىدۇركى، ئۇ مۇجەررەد (يالىڭاچ) بولىدۇ. يەنى دۇنيالىقتىن ھېچنەرسىسى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھالىغا مۇناسىپ مۇنداق بىر ھىكايەت بار:

ئىككى سوپى دەرۋىش بىللە بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ. بىرىنىڭ بىر تىيىنمۇ پۇلى يوق ئىكەن. يەنە بىرىنىڭ بەش ئالتۇنى بار ئىكەن. پۇلسى يوق سوپى خەۋپ - خەتەرسىز يول يۈرۈپتۇ. بەش ئالتۇنى بار دەرۋىش خەۋپتىن خالى ئەمەس ئىكەن. ئاخىرى ئىككىسى بىر يەرگە كېلىپ قونالغۇ — بىر قۇ-

دۆق سۆيى بار يەردە قاپتۇ. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى خەۋپلىك ئىكەن. پۇلى يوق سوپى دەرۋىش تىنچ - راھەتتە سىز ئىچىپ بىر بولۇڭغا بىرىپ يېتىپتۇ. ھېلىقى ئالتۇنى بار دەرۋىش ئۇخلىيالماي ئاھ - ۋاھ قىلىپ، ئەھۋال قانداق بولار؟... دەپ قايغۇرۇپتۇ، پۇلى يوق دەرۋىش ئۇنىڭ ئاھ - ۋاھ چېكىپ بىئارام بولغىنىنى كورۇپ سوراپتۇ:

— ئەي بۇرادەر، ساڭا نىمە بولدى؟

— مىنىڭ بەش ئالتۇنۇم بار ئىدى، — دەپتۇ ئىككىنچى سوپى، — ئوغرىلار كىلىپ ئالتۇنىنى ئېلىۋالارمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئەي دەرۋىش، — دەپتۇ پۇلى يوق سوپى، — بۇ ئالتۇنۇڭنى ماڭا بەر، تەشۋىشتىن قۇتۇلسەن، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش خاتىرجەم ئۇخلايسەن.

شۇنىڭ بىلەن دەرۋىش بەش ئالتۇنىنى ھەمرىيىغا بىرىپتۇ. سوپى ئالتۇنىنى ئېلىپ شۇ يەردىكى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي دوستۇم، ئاھ - ۋاھ تارتىپ تەشۋىشلىنىشتىن قۇتۇلدۇڭ، ئەمدى تىنچ - راھەتتە ئۇخلا! — دەپتۇ.

ئەي ئوغۇل، ماشايىخلار، ئالىملار ئېيتقان ئىكەن، ھەقىقى سوپىلىق — دۇنيا ئىشلىرىدىن "تەجرىد"، يەنى دۇنيانىڭ لەززىتىدىن، مال - مۇلكىدىن قولىنى تارتىشتۇر، "تەسدىق"، يەنى تەگىدىگە رازى بولۇپ بوي سۇنۇشتۇر ۋە ھەق-تائالا يولىدا دۇنيادىن ئۈزۈلۈپ تەنھا ۋە يوقسۇل ئوتۇشتۇر. ھەقىقى سوپى - دەرۋىش شۇدۇركى، پالانى مەندىن ئارتۇق بولامدۇ دەپ، قەلبىدە ھەسەت - كۈندەشلىك، مەنمەنلىك قىلمايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرى دۇنيا لەززەتلىرىدىن، راھىتىدىن كېچىپ ئوزىنى تەگىدىگە تاپشۇرۇشتا ۋە يەككە - يېگانە ئاللادىن ئىبارەت مەھبۇپ ئىشقىدا كېچە - كۈندۈز يېنىپ، ساداقەت بىلەن ھايات ئوتكۈزۈشتە. ھەقىقى سوپى - دەرۋىش ھېچنەرسىگە ئىگىلىك نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ،

خەلققە نىسبەتەن گۇمان، خاتا پىكىردە بولمايدۇ، ھەرنەرسىگە ئادىل ـ توغرا قارايدۇ.

ئەي ئوغۇل، ساداقەت دىگىنىمىز — كوزگە كورۇنىدىغان، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، ساداقەتنى ئادەم كەسپ قىلىپ ئۆگىنىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ بەخشايىشى ـ ئىنايىتىدۇر. سوپى ـ دەرۋىش شۇكى، ھەرنەرسىگە توغرىلىق ـ ساداقەتلىك بىلەن قارايدۇ، ھېچقاچان ئوزىگە ھايۋانلىقنى كەسپ قىلمايدۇ.

سوپى ـ دەرۋىش بولغان كىشىلەرگە لازىمكى، ھەرقاچان خۇدانىڭ رازىلىقىنى ۋە دىدارىنى ئىزلىسۇن، تەڭرىنىڭ ئەمرىنى تۇتسۇن، شەرىئەتكە تەۋە بولسۇن. دىلى ۋە تىلى پاك بولسۇن، كىشىگە تەئەددى ۋە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىسۇن، كىيىملىرىنى ئوزى يۇيۇپ كىيسۇن. ناننى ياخشى كورگەي، خەلق يىغىنلىرى ـ مەجلىسلىرىگە بارسا، نەدە ئورۇن بولسا شۇ يەردە ئولتۇرغاي. ھەر ئىش قىلسا خەلق ئارىسىدا ئاشكارا قىلغاي. بىر كىشىنىڭ خاتالىقى بولسا، ھاقارەت قىلىپ سوكمىگەي. مەجلىسلەردە تولا گەپ قىلمىغاي.

ئەي ئوغۇل، ھەر ئىش قىلساڭ شۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلاپ قىلغايسەن ۋە جاۋانمەرت ـ غەيرەتلىك بولغايسەن، خەلق ئارىسىدا ياخشى نامىڭ قالسۇن. قايسى كىشىگە يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتتە بولساڭ، ئىشەنچلىك، ساداقەتلىك بولغايسەن. خىيانەتكارلىق، مۇناپىقلىقتىن ئوزەڭنى ساقلىغايسەن. كوزۈڭنى، تىلىڭنى ۋە قولۇڭنى ھارامنى كورۇشتىن، سوزلەشتىن، تۇتۇشتىن ساقلىغايسەن. ئىشىكىڭنى، داستىخانىڭنى ۋە قولۇڭنى دوست، دۈشمەنگە ئوچۇق تۇتقايسەن. بىر كىشى سەندىن بىر ھاجەت تىلىسە، ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۈمىدىنى يەردە قويمىغايسەن. ئىمكانىيىتىڭنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلغايسەن.

ئەي ئوغۇل، جاۋانمەرتلىك شۇكى، ھەر زامان، ھەرقاچان ئوز مۈلكۈڭ ئوزەڭگە بولسۇن. خەقنىڭ مال ـ مۈلكى، ئەھلى ـ

ئايالىغا تاماگەر بولمىغايسەن. خەلققە خىيانەت، ھىلىگەرلىك قىلـ
مىغايسەن. خەلـققە ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ يامانـلىق ـ زىيانكەشـ
لىك قىلما، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا سازاۋەر بولۇپ، ياخـ
شىلىق ۋە ياخشى نام بىلەن يادلانغايسەن.

ئەي ئوغۇل، مەن ئۆمرۈمدە نېمىنى ئادا قىلـدىم ۋە نېمىنى بىلدىم؟ بۇنى ساڭا سوزلىدىم. تارىخىي ھىجرىيىـنىڭ توت يۈز يەتمىش ئۈچىنچـى يىلى (مىـلادى 1080 ـ يىـلى) بۇ قابۇسناـ مىنى يېزىپ تامامـلىدىم. بۇ كىتاپتا ئىنـسانـلارنىڭ تۇرمۇش ـ ھاياتى، ئىجتىمائى ئەخلاقـى، ئىلـىم ـ مەرىپەت، ھـۈنەر ـ سانائەت قاتارلىق ئىشلىرىدىـكى زورۇر بولغان مەسـىلەرنى بايان قىلدىم. ئەگەر سەن مەن بايان قىلغان ئەخلاقتىن ياخـشى يول تاپساڭ، مەندىن ھەم ئارتۇقـراق بولـىسەن. سېنىڭ ئىجتىھات ـ غەيرەت بىلەن تىرىشىپ مەرىپەت ھاسىل قىلىپ، مەنـدىنمۇ ياخـ شىراق ئادەم بولۇشۇڭنى ئۈمىت قىلىمەن.

Q布斯劝戒书
夏穆索黎玛阿里·Q布斯
（维吾尔文）
阿布德烈西提斯拉木译

喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米32开本　4.625印张插页1
1982年6月第一版　1983年9月第二次印刷
印数：40.001—75.000　统一书号：7264·1

定价：0.43元

مۇقاۋىنى تۇرسۇن غازى ئىشلىگەن

نومۇرى: 7264·1

باھاسى: 0·43 يۈەن